سەييد سۇلايمان نەدۋى
(ھىندىستان)

# ھەزرىتى ئائىشە

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەييد سۇلايمان نەدۋي
(ھىندىستان)

# ھەزرىتى ئائىشە

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى : توختى ھاجى تىللا

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# سەييىد سۇلايمان نەدۋىي

ھىندىستانلىق ئۇلۇغ ئىسلام ئالىمى، ئەدىب ۋە تارىخشۇناس مەۋلانە مۇھەممەد شىبلى نوئمانىي (1857 — 1914)نىڭ «سائادەت ئەسىرى» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات دەۋرى) ئەسەرلىرىدىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى»، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى ۋە كىشىلىكى»، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە مۆجىزىلىرى»، «ھەزرىتى ئائىشە»، «ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى»، «ھەزرىتى ئۆمەر»، «ھەزرىتى ئوسمان»، «ھەزرىتى ئەلى» ناملىق يۇرۇشلۇك كىتابلىرىنى تاماملاشقا ئۆمرى يار بەرمىگەنىدى. ئىمام شىبلى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئەسەرنى تاماملاشنى ئەڭ قەدىرلىك شاگىرتى سەييىد سۇلايمان نەدۋىيگە ۋەسىيەت قىلغانىدى. شىبلى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ياردەمدە بولغان نەدۋىي شىبلىنىڭ تەلىپى ۋە بەزى تەييارلىقلىرى ئاساسىدا، مەزكۇر ئەسەرنى يۇرۇشلۇك ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە نەشر قىلدۇرۇپ شىبلىنىڭ بۇ ھەقتىكى ۋەسىيىتىنى ئورۇندىغان. مەزكۇر كىتابلار ئىستانبۇلدا تۈرك تىلىدا نەشر قىلىنغانىدى. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئىستانبۇل «تىماس» نەشرىياتىدا 2004 - يىلى 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان 2 - باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

**تەرجىماندىن**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................ 1
هەزرىتى ئائىشەنىڭ تەرجىمىھالى ............................... 1
هەزرىتى ئائىشەنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئەھمىيىتى ....... 2
ئەسەرنىڭ مەنبەلىرى ............................................ 4
بىرىنچى باب هەزرىتى ئائىشەنىڭ هاياتىنىڭ دەسلەپكى
چاغلىرى.......................................................................... 1
هەزرىتى ئائىشەنىڭ نامىشەرىپى، نەسەبى ۋە ئائىلىسى ... 1
هەزرىتى ئائىشەنىڭ دۇنياغا كېلىشى .......................... 4
هەزرىتى ئائىشەنىڭ بالىلىق دەۋرى ........................ 6
ئىككىنچى باب هەزرىتى ئائىشەنىڭ ياتلىق بولۇشى......... 8
ئۈچىنچى باب هەزرىتى ئائىشەنىڭ هىجرەت قىلىشى ۋە
تويى.......................................................................... 13
تۆتىنچى باب هەزرىتى ئائىشەنىڭ تەلىم - تەربىيىسى ... 19
بەشىنچى باب هەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيى......................... 33
ئالتىنچى باب هەزرىتى ئائىشەنىڭ ئائىلىۋى هاياتى ....... 37
يەتتىنچى باب هەزرىتى ئائىشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-
نىڭ باشقا ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ............ 55
هەزرىتى ئائىشە بىلەن هەزرىتى خەدىچە .................. 56
هەزرىتى ئائىشە بىلەن هەزرىتى سەۋدە .................. 57
هەزرىتى ئائىشە بىلەن هەزرىتى هەفسە .................. 58
هەزرىتى ئائىشە بىلەن هەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە ....... 58
هەزرىتى ئائىشە بىلەن هەزرىتى جۇۋەيرىيە ............. 59

www.uyghurkitap.com


ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى زەينەپ ............ 59

ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى ئۇممۇ ھەبىبە ...... 61

ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى مەيمۇنە ............ 61

ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى سەفىيە ............ 62

سەككىزىنچى باب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ھەزرىتى ئائىشە ............................ 64

توققۇزىنچى باب بوھتان ۋەقەسى ............................ 67

ئونىنچى باب تەيەممۇم ھەققىدىكى ئەھكاملارنىڭ نازىل بولۇشى ............................................................ 77

ئون بىرىنچى باب تەھرىم، ئىلائ ۋە تەخيىر ۋەقەلىرى ... 79

تەھرىم (ھارام ساناش) ................................ 79

ئىلائ (قەسەم قىلىش) ۋەقەسى ........................ 81

تەخيىر (ئىختىيار قىلىش) ................................ 84

ئون ئىككىنچى باب ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تۇللۇق ھاياتى...... 85

ئون ئۈچىنچى باب تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە ................................................................ 90

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە...... 90

ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە............ 91

ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە ......... 93

ھەزرىتى ئەلى دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە ............ 99

ئون تۆتىنچى باب ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەرنى يارىشىشقا دەۋەت قىلىشى ................................ 102

ئون بەشىنچى باب جەمەل (تۆگە) ۋەقەسى ............... 115

ئون ئالتىنچى باب ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى ئائىشە ئارىسىدىكى يېرىكچىلىك ................................ 121

ئون يەتتىنچى باب مۇئاۋىيە دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە ... 125

ھەزرىتى ھەسەننىڭ دەپنە قىلىنىشى ................... 127

**ئون سەككىزىنچى باب  ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ۋاپاتى** …… 130
**ئون توققۇزىنچى باب  ھەزرىتى ئائىشە تەربىيىلىگەن بالىلار** …… 132
**يىگىرمىنچى باب  ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئەخلاقى ۋە ئادەتلىرى** …… 134
ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پىداكارلىقى …… 134
پەرزەنتلەرگە ياردىمى …… 135
ئىتائىتى …… 135
غەيۋەت ۋە باشقا ناچار خۇيلاردىن يىراق تۇرۇشى …… 135
ئېھساننى قوبۇل قىلماسلىقى …… 137
ماختىلىشتىن خۇش بولماسلىقى …… 137
ئىززەت - غۇرۇرى …… 137
ھەزرىتى ئائىشەنىڭ جاسارىتى …… 138
ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مەردلىكى …… 139
رەھىمدىللىكى ۋە ئاللاھتىن قورقۇشى …… 139
قۇللارغا شەپقىتى …… 141
يوقسۇللارغا ياردىمى …… 141
ئەرلەردىن ھايا قىلىشى …… 142
**يىگىرمە بىرىنچى باب  ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەزىلىتى** …… 143
**يىگىرمە ئىككىنچى باب  ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىلمى ۋە ئىجتىھاتى** …… 146
«قۇرئان كەرىم» …… 146
**يىگىرمە ئۈچىنچى باب  ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھەدىس ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى** …… 154
**يىگىرمە تۆتىنچى باب  ھەزرىتى ئائىشەنىڭ فىقھە ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى** …… 166
ئەقلىي قىياس …… 167

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۈننەتنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ............ 169
ھەزرىتى ئائىشەنىڭ زاماندىشلىرىدىن پەرقلىق
كۆزقاراشلىرى ............ 170
**يىگىرمە بەشىنچى باب ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئەقىدە ئىلىمگە قوشقان تۆھپىسى ............ 173**
غەيبىي ئىلمى ............ 173
مىئراج ۋەقەسى ............ 174
گۆر ئازابى ............ 174
**يىگىرمە ئالتىنچى باب ھەزرىتى ئائىشەنىڭ شەرىئەت ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى ............ 175**
«قۇرئان كەرىم» نىڭ تەرتىپى ............ 175
مەدىنىدە ئىسلامنىڭ زەپەر قۇچۇشى ............ 177
سەپەردە نامازنىڭ قەسىر قىلىنىپ ئىككى رەكەت
بولۇپ ئوقۇلۇشى ............ 177
بامدات ۋە ئەسىر نامازلىرىدىن كېيىن ناماز ئوقۇش ... 178
نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش ............ 178
شام نامىزى ............ 179
بامدات نامىزى ............ 179
ئاشۇرا روزىسى ............ 180
تەراۋىھ نامىزى ............ 180
مۇھەسسەب ۋادىسىدا تۇرۇش ............ 181
كەئبىنىڭ قايتا ياسىلىشى ............ 181
تاۋاپ ............ 182
ھىجرەت ............ 183
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىدا
دەپنە قىلىنىشى ............ 184
**يىگىرمە يەتتىنچى باب ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تارىخ ۋە**

ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئىستىداتى ........................ 185
تارىخ ........................................................ 185
ئەدەبىيات ................................................... 186
ناتىقلىق ...................................................... 187
ھەزرىتى ئائىشە ۋە شېئىر .................................. 188
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۇستاز
بولۇشى ۋە پەتىۋا بېرىشى .................................. 189
ئۇستاز بولۇشى ............................................. 189
پەتىۋالىرى ................................................... 191
تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە............... 191
مۇئاۋىيە دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە .................. 192
پىشقەدەم ساھابىلار ۋە ھەزرىتى ئائىشە .............. 192
ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئىسلام دۇنياسى .................. 193
ساھابىلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار ۋە ھەزرىتى ئائىشە ··· 193
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىنسانلارنى
ھىدايەت يولىغا باشلىشى .................................. 196
ئوتتۇزىنچى باب ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاياللار دۇنياسىغا
قوشقان تۆھپىسى ............................................ 201
ئوتتۇز بىرىنچى باب ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاياللار دۇنيا-
سىدىكى ئورنى .............................................. 205

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تەرجىمىھالى

مۆندىن توققۇز يىل ئىلگىرى ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھاياتىنى يېزىشنى ئويلىغىنىمدا ، «ئەن - نەدۋە»نىڭ باش مۆھەررىرى ئىدىم[①] . ئۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدىن چېكىنگەنىدىم . 1906 - يىلى ئاپرېلدا مەرھۇم ئۇستازىم مەۋلانە شىبلىگە بۇ پىكرىمنى ئېيتقىنىمدا ، ئۇ مېنى بۇ ئەسەرنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ۋە پايدىلىنىدىغان مەنبەلەرنىڭ ناملىرىنى كۆرسەتكەنىدى[②] . ئىككى يىلدىن كېيىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تەرجىمىھالى «ئەن - نەدۋە» دە بېسىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ ، شارائىت يار بەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ، بۇ ئىشتىن ۋاز كەچكەنىدىم . شۇنداقتىمۇ بىرقانچە بۇرادىرىم مېنى بۇ ئەسەرنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى .

مەرھۇم مەۋلانە جانابلىرى بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ، مەندىن بۇ ئەسەرنى يېزىش - يازماسلىقىمنى سورىغان ، مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ سىرلىق سوئاللىرى ئالدىدا ، ئامالسىز سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدىم . مەرھۇم ئۇستازىمىز مەۋلانە شىبلىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىپ تاماملىنىشىنى جىددىي تەلەپ قىلاتتى[③] . قەدىرلىك دوستۇم ئەبۇل كامال ئابدۇلھەكىم ، ماڭا يازغان ھەربىر مەكتۇپىـ

---

① ئەسەرنى 1914 - يىلى باشلاپ ، 1917 - يىلى پۈتتۈردۈم .
② «مەۋلانە شىبلىنىڭ مەكتۇپلىرى» ، 1 - توم ، 14 - مەكتۇپ .
③ ئا .گ .ئە ، 1 - توم ، 58 - ، 70 - ، 71 - ، 73 - مەكتۇپلار .

ـدا بۇ ئەسەرنى سورايتتى . بۇ سوئاللارغا سۈكۈت بىلەن جاۋاب قايتۇرغانلىقىم ئۈچۈن دوستلىرىممۇ سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى ، ئەمما ئىنتايىن ئىرادىلىك ، ھەممە توسالغۇلاردىن سەۋر بىلەن ئۆتەلەيدىغان دوستۇم ، يازغۇچى مۇھەممەد ئەمىن مېنىڭ سۈكۈت قىلىشىمدىن ، باھانە ئىزدىشىمدىن ۋە ئارىسالدىلىقىمدىن ھېچ ئۈمىدسىزلەنمەي (كىتاب يېزىشىمنى ) مېنى قوللاپ قوۋ-ۋەتلىدى . نەتىجىدە ، بۇ دوستۇمنىڭ قەتئىي تەلىپى پۈتۈن ئارىـسالدىلىقىمنى يەڭدى .

بۇ ئەسەرنىڭ تەييارلىنىپ تاماملىنىشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋا-قىت كەتكەنلىكى ۋە تاماملانغاندىن كېيىن ، نەشر قىلىش خىرا-جىتىنىڭ يۇقىرىلىقى تۈپەيلىدىن ، نەشر قىلىش كېچىككەن بول-سىمۇ ، نامى ھەر يەردە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن زور قىزىقىش بىلەن قارشى ئېلىندى .

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئەھمىيىتى

يېڭى دەۋرنىڭ كۆپلىگەن نەشرىياتلىرى ئىسلام تارىخىدا شۆھرەت قازانغان كىشىلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىـنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرغان بولسىمۇ ، ئىسلام ئاياللىرىنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ئورنى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىـغانلىقى ئۈچۈن مۇناسىپ ھالدا يورۇقلۇققا چىقىرىلمىغانىدى . بۇ ئەسەرنىڭ مەقسىتى كىشىلەر دىققىتىدىن يىراقلاشقان ، مۇۋاپىق ئەھمىيەت بېرىشكە سازاۋەر بولمىغان بۇ مەرتىۋىنى نامايان قىـلىشتىن ئىبارەت . مەلۇمكى ، بۇ ئەسەر بۇ ساھەدە تاشلانغان تۇنجى قەدەم بولۇپ ، شەرت ـ شارائىت يار بەرسە ، بۇنىڭدىن كېيىن باشقا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تارىخىنىمۇ يېزىش ۋە نەشر

قىلىشنى خالايمىز .

مۇسۇلمانلار بۈگۈن بىر خىل ئاجىزلىشىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە . شۈبھىسىزكى ، بۇنداق ئاجىزلىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى ئاياللاردىدۇر . مۇسۇلمان ئاياللار ئۆز ۋۇندىن بۇيان ئۆزلىرىگە ئۆلگە قىلىپ ، ئىسلام روھىغا هاياتى بىلەن ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىدىيىدىن يىراقلاشقان ، بۇ ئىدىيىلەرنى ئۇنتۇغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ ئىدىيىلەر مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ قەلبىدە ئۆلۈك هالەتتە تۇرماقتا . شۇ ۋەجىدىن مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ئېچىنىشلىق بولماقتا . قەيەرگە قارىساق ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ بىر قاتار ۋەھىمىلەرگە ۋە ئۇيدۇرمىلارغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ، بىر قاتار مۇراسىملارغا نادانلارچە بويۇن ئەگكەنلىكىنى ، قەبرىلەرگە ، دەرەخلەرگە ، تاشلارغا سېغىنىدىغانلىقىنى ، خۇشاللىق چاغلىرىدىلا ئەمەس ، قايغۇلۇق ۋە ئۇكۇشسىزلىققا ئۇچرىغان چاغلىرىدىمۇ تۇرلۇك ئىسراپچىلىقلارغا ، بىھۇدە ئىشلارغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز . مۇسۇلمان ئاياللارغا كۆشەندە بولغان بۇ خىل ئەھۋاللار شۈبھىسىزكى جاهىلىيەت ئىللەتلىرىدۇر . ئەگەر بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىرەر رەھبەرنىڭ يوقلۇقىدىن بولغان بولسا ، بىز بۇ ئەسەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇز يىل هايات ھەمراھى بولغان ، «سائادەت ئەسىرى»دە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان دەۋردە) ئۆسۈپ يېتىلگەن ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ خەيرلىك ۋە تەرەققىيات دەۋرى بولغان ئاشۇ دەۋردە 40 يىل ھىدايەت مەشئىلىنى كۆتۈرگەن ئۆلۈغ بىر ئىسلام ئايلىنىڭ تارىخىنى يېزىپ ، بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشنى خالايمىز .

ھەربىر ئايال ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تەرجىمىھالىدىن ھەر جەھەتتە ئۆگىنىدىغان ئۆلگىلەرنى تاپالايدۇ . هاياتىنىڭ پۈتۈن جىلۋىلىرى ، پۈتۈن ئۆزگىرىشلىرى ئۇنىڭ هاياتىدا ئاياندۇر . ئاياللار-

نىڭ قىزلىق ، خوتۇنلۇق ، تۇللۇق ؛ ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇلۇق ، سائادەت ۋە مۇسىبەتكە ئوخشاش ھەممە ئەھۋالى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھاياتىدا مىسال كەلتۈرۈلىدىغان بىر ۋەقە شەكلىدە كۆرۈنىدۇ . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك ھاياتى ئىلمىي ، ئەمەلىي ، ئەخلاقىي ساۋاقلىرى بىلەن باھاسىز بىر خەزىنە قىممىتىدىكى جۇلالار بىلەن تولغان . شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تەرجىمىھالى پاك ۋە كامىل ئاياللىقنىڭ ئەينىكىدۇر . مۇسۇلمان ئاياللار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى پۈتۈن پاكلىقى ۋە ساپلىقى بىلەن ئۇ ئەينەكتە كۆرىدۇ .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھاياتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىپتىخارلىنىش مەنبەسى بولغان ئەڭ كاتتا پەيغەمبەر ھاياتىنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدىن كۆرىمىز . بۇ مۇناسىۋەت بىلەنمۇ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

## ئەسەرنىڭ مەنبەلىرى

بىر ئۇلۇغ ئىنساننىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىشتا ، ئومۇمەن تارىخ كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ . ۋەھالەنكى ، بىز بۇ ئەسەردە تىلغا ئالغان ۋەقەلەرنىڭ مەنبەسى تارىخ كىتابلىرى ئەمەس ، بەلكى ھەدىس كىتابلىرىدۇر . ھەدىس كىتابلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ، ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ ۋە نوپۇزلۇق ساھابىلەرنىڭ تەدبىق قىلىنغان تارىخىدۇر . ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ھاياتى ھەدىسلەردە باسقۇچلار بويىچە تەسۋىرلىنىدۇ . مەنمۇ بۇ ئەسەرگە ئالغان پۈتۈن مەلۇماتلارنى سەھىھ (توغرا ، ئىشەنچلىك ) ھەدىس كىتابلىرىدىن ؛ «جەۋامى» ، «مەسانىد» ۋە «سۇنەن» ناملىق ھەدىس كىتابلارنىڭ بارىدىن ؛ ئىبنى سەئدنىڭ «تەبەقات» ،

زەھەبىنىڭ «تەزكىرە» ، ئىبنى سەئد ۋە ئىبنى ھەجەرنىڭ «تەھزىب» قاتارلىق تەرجىمىھال ئەسەرلىرىدىن ؛ «فەتھۇل بارى» ، «قەستەلانى» ، «نەۋەۋى» قاتارلىق ھەدىس شەرھلىرىدىن پايدىلىنىپ تەييارلىدىم . ئومۇمەن ، تارىخقا ئائىت كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلمىدىم . ئۇلارغا قول تەگكۈزۈشنىمۇ خالىمىدىم . پەقەت جەمەل (تۆگە) ۋەقەسىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بۇلارغا مۇراجىئەت قىلىش مەجبۇرىيىتى تۇغۇلغانلىقتىن ، بۇنى ئىزاھلاشتا كۆپرەك «تەبەرى»گە ئىشەنچ قىلدىم .

ھەدىس كىتابلىرى ئىچىدە كۆپىنچە «سەھىھۇلبۇخارى» ، «سەھىھۇلمۇسلىم» ، ئەبۇ داۋۇد ، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەللەرنىڭ «مۇسنەد» ناملىق ئەسەرلىرى نەزىرىمنى تارتتى . بۇ كىتابلارنى بىر - بىرلەپ تەتقىق قىلدىم . ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «مۇسنەد» ناملىق ئەسىرىنىڭ 6 - تومىدا ھەزرىتى ئائىشەگە ئائىت رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى . ھەكىمنىڭ «مۇستەدرەك» ناملىق ئەسىرى بىلەن سۇيۇتىنىڭ «ئەينۇل ئىسابە» ناملىق ئەسەرلىرىمۇ مۇراجىئەت قىلىش مەنبەلىرىمىز ئىچىدە ئىدى . «ئەينۇل ئىسابە» رىسالە بولسىمۇ ، بۇ ئەسەر ھەزرىتى ئائىشەنىڭ زامانداشلىرى ئارىسىدا كىملەرنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزەتكەنلىكى ۋە بۇ خاتالىقلارنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىدۇ .

ھەدىس كىتابلىرىدا ۋە بولۇپمۇ «سەھىھۇلبۇخارى»دا ھەزرىتى ئائىشە ھەققىدىكى ھەدىسلەر تارقاق ئىدى . بۇلارنى ئىزدەپ تۇپلاش يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك مۈشكۈل ئىش بولسىمۇ ، بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇپلاپ بۇ ئەسىرىمىزگە كىرگۈزدۇق .

ئەسىرىمىزدە بىر ۋەقەنىڭ مەنبەسىنى تىلغا ئالغاندا ، بۇ ۋەقەنىڭ باشقا يەردە ئۇچرىماسلىقىنى مەقسەت قىلمىدۇق ، ئەكسىچە ، بىز ئالغان مەلۇماتنىڭ ئاساسىنى كۆرسىتىشنى ئىستىدۇق . شۇ ۋەجىدىن ئوخشاش ۋەقە ئۈچۈن ئوخشىمىغان مەنبەلەرنى كۆرسەتتۇق .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھاياتىنى يېزىشنى ئۆزۈم ئويلىغانىدىم. مەرھۇم ئۇستاز مەۋلانە شىبلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشقان بىر پەيلاسوپ خانىمنىڭمۇ بۇ ئەسەرنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدىم. «سىيرەتۇن نەبى» («پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالى») ناملىق ئەسەرنىڭ باسما ھەققىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بۇ خانىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنىڭ ھاياتىنى مەزمۇن قىلغان بۇ ئەسەرنىڭ خىراجەتلىرىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغىنىدا، بارلىق غەيرىتىمنى سەرپ قىلىپ، بۇ ئەسەرنى تاماملىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە يىل داۋاملاشقان ئىلمىي ئەمگىكىم كۈتكەن مۇكاپاتقا نائىل بولدى.

**سەييىد سۇلايمان نەدۋىي**

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھاياتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى

### ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر .

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىگە دۇرۇت ، سالاملار بولغاي .

### ھەزرىتى ئائىشەنىڭ نامىشەرىپى ، نەسەبى ۋە ئائىلىسى

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تەخەللۇسى «سىددىقە»① ، نامىشەرىپى «ئۇممۇل مۆئمىنىن» (مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى) ؛ سالاھىيەت نامى

① سىددىق ۋە سىددىقە — «راست سۆزلۈك» ۋە «دۇرۇس» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ .

www.uyghurkitap.com

«ئۇممۇ ئابدۇللا» ، لەقىمى «ھۇمەيرا»[1] ئىدى . سالاھىيەت نامىدىكى «ئابدۇللا» ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاچىسى ئەسما بىلەن زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئىدى . ئەرەبلەردە سالاھىيەت نامى بولۇش ئىستىزادىلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەرزەنتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەممە ئاياللىرى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى سالاھىيەت نامى قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئىسمىنى سالاھىيەت نامى قىلىشىغا رازى ئىكەنلىكىنى سورىغاندا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا : «سەن جىيەنىڭ ئابدۇللانىڭ ئىسمىنى سالاھىيەت نامى قىلغىن» دېگەنىدى[2] . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ «ئۇممۇ ئابدۇللا» دەپ تونۇلۇشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا ئىدى . ئابدۇللانىڭ سالاھىيەت نامى ئەبۇ بەكرى ، تەخەللۇسى سىددىق ئىدى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئانىسى ئۇممۇ رۇمان ئىدى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاتا تەرەپ نەسەبى : «ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ، ئىبنى ئەبى قۇخافە ، ئىبنى ئوسمان ، ئىبنى ئامىر ، ئىبنى ئەمر ، ئىبنى كەئب ، ئىبنى سەئد ، ئىبنى تەيم ، ئىبنى مۇررە ، ئىبنى كەئب ، ئىبنى لۇئەي ، ئىبنى غالىب ، ئىبنى فىخر ، ئىبنى مالىك» ؛ ئانا تەرەپ نەسەبى : «ئائىشە بىنتى ئۇممۇ رۇمان ، بىنتى ئامىر ،

---

① ھەزرىتى ئائىشەنىڭ «ھۇمەيرا» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالغا ئېلىنىدىغانلىقى ھەدىس كىتابلىرىدا يېزىلمىغان . ئويدۇرما ھەدىسلەرنى توپلىغان كىتابلار ( «كىتابۇل مەۋزۇئات» ) : «دىنىڭلارنىڭ يېرىمىنى بۇ ئاق ئايالدىن ئۆگىنىڭلار» دېگەن بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ . بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، نەسائى بۇ لەقەمنىڭ ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان . بىز پۈتۈن تەتقىقاتلىرىمىزدا «ھۇمەيرا» دېگەن سۆزنىڭ ئوچۇق ئېيتىلغانلىقىنى ئۇچراتمىدۇق .

② ئەبۇ داۋۇد : «كىتابۇل ئەدەب» ؛ ئىبنى ھەنبەل : «مۇسنەدى ئائىشە» .

ئىبنى ئۇۋەيمىر ، ئىبنى ئابدۇشەمس ، ئىبنى ئەتتاب ، ئىبنى ئۇزەينە ، ئىبنى سۇبەي ، ئىبنى دەھمال ، ئىبنى ھارىس ، ئىبنى غانەم ، ئىبنى مالىك ، ئىبنى كىنانە» ئىدى . ھەزرىتى ئائىشە ئاتىسى تەرەپتىن قۇرەيش ، تەمىمى ؛ ئانىسى تەرەپتىن «كەنانى» ئىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاتا تەرەپ نەسەبلىرى يەتتىنچى ـ سەككىزىنچى ئەۋلادتا ، ئانا تەرەپ نەسەبلىرى ئون بىر ـ ئون ئىككىنچى ئەۋلادتا بىرلىشىدۇ .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ھىجرەتنىڭ 13 ـ يىلى ، ئانىسى ئۇممۇ رۇمان تارىخچىلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئېيتىشىچە ھىجرەتنىڭ 5 ـ ياكى 6 ـ يىلى ۋاپات بولغان دېيىلىدۇ . ھالبۇكى ، بۇ توغرا ئەمەس[1] . چۈنكى ، ئۇنىڭ ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىگىچە ياشىغانلىقى ئىشەنچلىك ھەدىس مەنبەلىرىدىن ئورۇن ئالغان ھەدىسلەردىن مەلۇم . ھىجرەتنىڭ 6 ـ يىلى يۈز بەرگەن «ئىفك (بوھتان) ۋەقەسى»دە ئۇممۇ رۇماننىڭ ئىسمىنىڭ پۈتۈن ھەدىسلەردە ئۇچرايدىغانلىقىدىن ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز . كېيىن يەنى ھىجرەتنىڭ 9 ـ يىلى يۈز بەرگەن «ئىلائ (قەسەم قىلىش) ۋە تەخيىر (ئىختىيار قىلىش) ۋەقەسى»دىمۇ ئۇممۇ رۇمان ھايات ئىدى[2] . «سەھىھۇلبۇخارى» دا تابىئىندىن بولغان مەسرۇق ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ رىۋايەت قىلغانىدى[3] . يەنە بۇخارى «تارىخىي سەغىر»دە ئۇممۇ رۇماننى تىلغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر زامانىدا ۋاپات بولغانلار ئارىسىدا بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ ۋە باشقا رىۋايەتلەرگە

---

① ئىبنۇل ئەسىر : «ئۇسدۇل غابە» .
② ئىبنى سەئد : «ئەت تەبەقاتۇن نىسا» ؛ «سەھىھۇلبۇخارى» ؛ «سەھىھۇلمۇسلىم» : «ۋاقىئەئى تەخيىر» .
③ بۇخارى : «تەفسىرۇ سۇرەتۇن نۇر» .

ئېتىراز بىلدۈرىدۇ① . ئىبنى ھەجەر «ئەتتەھزىب»دە بۇ مەسىلە ھەققىدە ئەتراپلىق توختىلىپ تەنقىد قىلىدۇ ۋە ئىمام بۇخارىنىڭ بايانىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ دۇنياغا كېلىشى

ئۇممۇ رۇماننىڭ دەسلەپكى ئېرى ئابدۇللا ئەل ئەزدى ئىدى . ئابدۇللا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇممۇ رۇمان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ياتلىق بولغان ۋە بۇ نىكاھتىن ئىككى پەرزەنتلىك بولغان . ئۇلارنىڭ بىرى ئابدۇرەھمان ، يەنە بىرى ئائىشە ئىدى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە تارىخ كىتابلىرىدا بىرەر مەلۇمات يوق .

«تەبەقات» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىبنى سەئد بىلەن ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغان بەزى تەرجىمىھال ئاپتورلىرىنىڭ يېزىشىچە ، ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ 4 - يىلىنىڭ باشلىرىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە پەيغەمبەرلىكىنىڭ 10 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىشانلانغان . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېشى ھەققىدە ئېنىق بولغان نۇقتا ئۇنىڭ ھىجرەتتىن ئۈچ يىل ئاۋۋال ئالتە يېشىدا نىشانلىنىپ ، ھىجرەتنىڭ 1 - يىلى شەۋۋال ئېيىدا توققۇز يېشىدا ياتلىق قىلىنىپ ، ھىجرەتنىڭ 11 - يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا 18 يېشىدا تۇل بولۇپ قالغانلىقىدۇر . بۇ ھېساب بويىچە ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ 4 - يىلىنىڭ يىل ئاخىرلىرىدا ، يەنى مىلادى 614 - يىلى ئىيۇلدا دۇنياغا كەلگەن بولۇشى كېرەك .

① بۇخارى : «تارىخي سەغىر» ، 21 - بەت .

ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان تارىخىي ۋەقەلەرنى چۈشىنىشكە ئا-
سان بولسۇن ئۈچۈن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك
ۋاقتىنىڭ 23 يىل بولغانلىقىنى ، بۇنىڭ 13 يىلىنىڭ مەككىدە ،
10 يىلىنىڭ مەدىنىدە ئۆتكەنلىكىنى ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ دۇنياغا
كېلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ 4 ـ
يىلىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش لازىم .

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيى ئىسلامنىڭ ھىدايەت نۇرى
تۇنجى بولۇپ چۈشكەن يەر ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشە
ھاياتىدىكى ھەرقانداق دەقىقىلەردە كۇپۇرلۇق ۋە شېرىك كەلتۈ-
رۈش ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالمىغان مۇنەۋۋەر ئاياللارنىڭ بىرى
ئىدى . ھەزرىتى ئائىشە : «مەن ئاتا ـ ئانامنى بىلگىنىمدىن
تارتىپ ، ئۇلار مۇسۇلمان ئىدى »[1] دەيدۇ .

ھەزرىتى ئائىشەنى ۋائىلنىڭ ئايىلى ئېمىتكەنىدى . ۋائىل-
نىڭ سالاھىيەت نامى ئەبۇل فۇقەيس ئىدى . ۋائىلنىڭ قېرىندى-
شى ئەفلاخ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىنىك تاغىسى ھېسابلىناتتى .
ئەفلاخ ھەزرىتى ئائىشەنى يوقلاپ تۇراتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-
لام ئۇنىڭ ھەزرىتى ئائىشەنى يوقلىشىغا رۇخسەت قىلاتتى . ئائى-
شەنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشىمۇ بەزىدە ئۇنى يوقلاپ كېلەتتى .

يۇقىرىدا ، مۇئەللىپ پۈتۈن تارىخچىلارنىڭ ھەزرىتى ئائىشە-
نىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەققىدە سۈكۈت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .
بۇ توغرا . ھەزرىتى ئائىشە تۇغۇلغان چاغلاردا ھازىرقىدەك نوپۇس
ئىدارىلىرى يوق ئىدى . لېكىن كېيىنكى چاغلاردا مەشھۇر كىشى-
لەرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى ئېنىقلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىل-
دى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ دۇنياغا كېلىش مەسىلىسىمۇ شۇنداق .
مۇئەللىپ بۇ يەردە خەلق قوبۇل قىلىدىغان نۇقتىنى يېزىش بىلەن
كۇپايىلىنىدۇ . بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە ئالتە يې-

---

[1] «سەھىھۇلبۇخارى» .

www.uyghurkitap.com

شىدا نىكاھلىنىپ، توققۇز يېشىدا كېلىن بولغان. دېمەك، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ 4 ـ يىلى تۇغۇلغانىدى.

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بالىلىق دەۋرى

كاتتا ئىنسانلار بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا خاراكتېرىدىكى ئىنچىكە تەرەپلەرنى، ئالىيجانابلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر قىلىق ۋە ھەرىكىتىدە بىر ئۆزگىچىلىك بولىدۇ. بۇنداق سۈپەتتىكى بالىلارنىڭ پېشانىسىدا كېلەچىكىنىڭ نۇرى پارلاپ، ئۇلارنى بۈيۈك ۋە ئەھمىيەتلىك بىر كېلەچەكنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرىدۇ. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بالىلىقمۇ ئۆزىنىڭ پارلاقلىقى بىلەن ئۇنىڭ كېلەچىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئائىشە بالىلىق چاغلىرىدا ئويۇنغا ئامراق بولۇپ، ۋاقتىنى ئويۇن بىلەن ئۆتكۈزەتتى. مەھەللىسىدىكى بارلىق قىزلارنى ئۆز ئۆيىگە يىغىپ بىرگە ئوينايتتى. لېكىن، ئائىشەنىڭ ئويۇنىدا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئىسلىلىكى، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتنى دەسلەپ قوبۇل قىلغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىسلامىيەتنى جانلاندۇرىدىغان ھالىتى ۋە ھەرىكىتى، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە تەربىيىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەنى كۆپىنچە ئويناپ يۈرگىنىدە كۆرەتتى. ئائىشە بىلەن بىللە ئوينايدىغان قىزچاقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ھامان قېچىپ تارقىلىپ كېتىشىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئوينىشىدىن، خۇشاللىقىدىن مەمنۇنىيەت ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى چاقىرىپ، ئويناۋېرىشنى تەلەپ قىلاتتى①. ئائىشە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان

---

① ئىبنى ماجە: «بابۇ مۇداراتۇن نىسا»؛ «سەھىھۇلمۇسلىم»: «فەزلۇ ئائىشە».

ئويۇنلار — چۇمۇله ئويۇنى بىلەن تەختىراۋان ئويۇنى ئىدى . ئەبۇ داۋۇد «سۇنەن» ناملىق ئەسىرىنىڭ «كىتابۇل ئەدەپ» دېگەن قىسمىدا بۇلارنى تەپسىلىي تەرىپلەيدۇ .

بىر كۈنى رەسۇلۇللا ئائىشە دوستلىرى بىلەن چۇمۇله ئويۇنى ئويناۋاتقاندا كەلگەن ۋە چۇمۇلىلەر ئىچىدە بىر «قاناتلىق ئات» نىڭ بارلىقىنى كۆرگەن . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەدىن بۇ-نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا ، ئۇ : «ئات» دەپ جاۋاب بەر-گەن ، «ئاتنىڭ قاناتلىرى بولامدۇ ؟» دېگەندە ، ئائىشە : «نېمىشقا بولمىسۇن ، ھەزرىتى سۇلايماننىڭ ئاتلىرى قاناتلىق ئەمەسمىدى ؟» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ بۇ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ ، تەبەسسۇم قىلغان . ئائىشەنىڭ بۇ جاۋابى شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىككىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ياتلىق بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئايىلى ھەزرىتى خەدىچە ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25 يېشىدا خەدىچەنى نىكاھىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن 25 يىل بىرگە ياشىغانىدى . ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىپ 10 ـ يىلى رامىزاندا 65 يېشىدا ۋاپات بولغان . ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 50 ياشتا ئىدى .

ئىسلامدا ياتلىق بولۇش ۋە ئايالالار مەقامىنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىشتە ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېگانە مۇسۇلمان ۋاقتىدا ھەزرىتى خەدىچەنىڭ ئىككىنچى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلىش كۇپايىدۇر . خەدىچە ھەرقانداق ۋاقىت ، ھەرقانداق يەردە ، ئازاب ۋە بالا ـ قازاغا يولۇققان چاغلاردا ، دۈشمەنلەر ئىسلام دىنىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن ھەر خىل زۇلۇم ۋە قىيىن ـ قىستاقلارنى ، تۈرلۈك تاجاۋۇز ۋە ۋەھشىيلىكلەرنى قىلماقچى بولغان چاغلاردا ، مۇسۇلمانلارنى يوقىتىۋەتمەكچى بولغان دۈشمەنلىك دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلۈپ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋە ئۇلارنى باش ئەگدۈرمەكچى بولغان چاغلاردا ، قىسقىسى ، ھەرقانداق يەردە ۋە ھەرقانداق چاغدا ھەمراھىغا دوست بولغان ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىدام ـ غەيرىتىنى ئىپادىلىگەن ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ تەلەي ـ تەقدىرىگە ھەمنەپەس بولغاندى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەزرىتى خەدىچەنىڭ ۋاپاتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق بىئارام قىلغانىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-

لام تولىمۇ قەدىرلىك بولغان بۇ ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولۇپ ھەسرەت چەككەندى. يالغۇزلۇق ئۇنىڭ ھاياتىنى ناھايىتى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى[①].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە پىداكار بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ بۇ ھالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى يالغۇزلۇق غېمىدىن قۇتقۇزماقچى بولۇشتى. ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى ۋاپات بولغان ساھابىلەردىن ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ئايىلى ھەۋلە بىنتى ھەكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەي رەسۇلۇللا، ئۆيلىنىۋالغايسىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم بىلەن؟» دەپ سورىغاندا، ھەۋلە: «تۇل ئاياللارمۇ، بويىغا يەتكەن قىزلارمۇ بار. كىمنى خالىسىڭىز شۇنى تاپىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇلار كىملەر؟» دېگەن سوئالىغا: «مەسىلەن، تۇللاردىن سەۋدە بىنتى زەمئە بار، قىزلاردىن ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئائىشە بار» دەپ جاۋاب بەرگەندى، رەسۇلۇللا: «ئائىشەنى سوراپ بېقىڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەۋلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ئۆزئارا قېرىنداشلاردەك تونۇشىدىغان ۋە ياقتۇرىدىغانلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش جائىز (مۇۋاپىق) ئەمەس ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھەۋلەنىڭ ئائىشەنى سورىغىنىغا قارىتا: «بۇ قانداق بولار، ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەن قىزىغا ئوخشاش. بۇلارنىڭ توي قىلىشى جائىزمۇ؟» دېدى. ھەۋلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ سۆزلەرنى يەتكۈزگەندە رەسۇلۇللا: «ئەبۇ بەكرى مېنىڭ دىنىي قېرىندىشىم. دىنىي قېرىنداشلارنىڭ قىزلىرىنى نىكاھىغا

---

① ئىبنى سەئد: «تەبەقات»، 8 ـ توم، 41 ـ بەت.

ئېلىش جائىز » دېدى[1] . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرمۇ بۇنى مۇۋاپىق كۆردى .

لېكىن ، ئائىشەنى ئىلگىرى جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە ۋەدىلىشىپ قويغانىدى . شۇڭا ، ئائىشەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىشتىن ئاۋۋال ۋەدىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر جۇبەيىردىن سورىۋېدى ، جۇبەير ئايىلى بىلەن پىكىرلەشتى . جۇبەيرنىڭ ئائىلىسى ئۇ چاغدا مۇشرىك ئىدى . جۇبەيرنىڭ ئايىلى : «بۇ قىز ئائىلىمىزگە كەلسە ، ئوغلۇمنى دىنىدىن چىقىرىدۇ . مەن بۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن » دېگەنىدى[2] .

ئىبنى سەئد ئائىشەنىڭ نىكاھى ھەققىدە توختىلىپ ، ئىككى رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ . بۇلارنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ مەھرىگە بىر ئۆي بەرگەن . بۇ ئۆينىڭ بەدىلى 50 دىرھەم ئىدى . لېكىن ، بۇ رىۋايەت ئەقلەن مۇھاكىمە قىلىنغاندا ئىشەنچسىزدۇر . چۈنكى ، ئۇ چاغلاردا ئەڭ كىچىك ۋە ئەڭ ئاددىي بىر ئۆينىڭ قىممىتىمۇ 50 دىرھەمدىن يۇقىرى ئىدى . ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مەھرى 400 دىرھەم بولغان . ئىبنى سەئد نەقىل كەلتۈرگەن رىۋايەتتە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مەھرى 500 دىرھەم بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ[3] . ئىمام مۇسلىمنىڭ «سەھىھۇلمۇسلىم» ناملىق ئەسىرىدە ھەزرىتى ئائىشە ھەققىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىر ئاياлىنىڭ مەھرى 500 دىرھەمدىن ئىدى[4] . ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل «مۇسنەد»دە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مەھرى 500 دىرھەم بولغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ .

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇ تەجۋىزىسسىغار مىنەل كىبار» .
② ئىمام ئەھمەد : «مۇسنەد» .
③ «تەبەقاتى ئىبنى سەئد» .
④ «سەھىھۇلمۇسلىم» : «كىتابۇن نىكاھ» .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ نىكاھلانغان ۋاقتى ئىختىلاپلىق بولۇپ، ئەللامە بەدرىددىن ئەينى «سەھىھۇلبۇخارى شەرھى»دە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھىجرەتتىن ئىككى يىل ئىلگىرى، يەنە بىر رىۋايەتتە ئۈچ يىل ئىلگىرى، باشقا بىر رىۋايەتتە بىر يېرىم يىل ئىلگىرى نىكاھلانغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەنى ھەزرىتى خەدىچەنىڭ ۋاپاتىدىن ئۈچ يىل كېيىن نىكاھىغا ئالغان. بەزى تەرجىمىھال يازغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى ھەزرىتى خەدىچە ۋاپات بولغان يىلى نىكاھىغا ئالغان.

ھەزرىتى خەدىچەنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق بولسا ئىدى، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ياتلىق قىلىنغان ۋاقتىنى بەلگىلەش مۇمكىن بولاتتى. ھالبۇكى، ھەزرىتى خەدىچەنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بىر رىۋايەتتە ھىجرەتتىن بەش يىل ئىلگىرى، يەنە بىر رىۋايەتتە تۆت يىل ئىلگىرى، باشقا بىر رىۋايەتتە ئۈچ يىل ئىلگىرى ۋاپات بولغان دېيىلىدۇ. بۇ ئىختىلاپلارغا قارىتا، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئەڭ كۆپ تارتىدىغىنى شۈبھىسىزكى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ سۆزىدۇر. ھالبۇكى، «سەھىھۇلبۇخارى» بىلەن «مۇسنەد»دە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىككى رىۋايىتى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، نىكاھ خەدىچەنىڭ ۋاپاتىدىن ئۈچ يىل كېيىن، يەنە بىرىدە ئېيتىلىشىچە، خەدىچە ۋاپات بولغان يىلى ئوقۇلغان.

زور كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ھەزرىتى خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ 10 - يىلى يەنى ھىجرەتتىن ئۈچ يىل ئىلگىرى رامىزاندا ۋاپات بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى ھەزرىتى خەدىچەنىڭ ۋاپاتىدىن بىر ئاي كېيىن يەنى شەۋۋال ئېيىدا نىكاھىغا ئالغان. بۇنىڭغا قاراپ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نىكا-

ھى ھىجرەتتىن ئۈچ يىل ئىلگىرى شەۋۋال ئېيىدا ئۇقۇلغان دېيەلەيمىز . بۇ مىلادى 620 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىغا توغرا كېلىدۇ . ئىبنى ئابدۇلبەر «ئىستىئاب» ناملىق ئەسىرىدە بۇ كۆزقاراشنى قوللايدۇ . ھەزرىتى ئائىشەدىن ئىككى رىۋايەت نەقىل كەلتۈرۈلۈش بەلكى رىۋايەتچىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر خاتالىق بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەزرىتى خەدىچە ۋاپات بولغان يىلى نىكاھلانغان ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى پەقەت ئۈچ يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقانىدى .

# ئۈچىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھىجرەت قىلىشى ۋە تويى

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلانغاندىن كېيىن ، ئۈچ يىل ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۇردى . بۇ مەزگىلنىڭ ئىككى يىل ئۈچ ئېيىنى مەككىدە ، يەتتە ـ سەككىز ئېيىنى ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە ئۆتكۈزدى .

مۇسۇلمانلار ئىككى قېتىم ھىجرەت قىلغانىدى . بىرىنچى ھىجرەت ھەبەشىستانغا قىلىنغانىدى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ نوپۇزلۇق ۋە يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولسىمۇ ، قۇرەيشلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشنى ئويلاپ مەككىدىن ناھايىتى يىراق بولغان بەركىل گىمادغىچە بارغانىدى . يولدا قارە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولغان ئىبنۇد دۇگۇننە ئۇچرىشىپ قالغان . ئىبنۇد دۇگۇننە ئۇنىڭدىن نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى سورىغاندا ، ئەبۇ بەكرى : «قۇرەيشلەر توغۇلۇپ چوڭ بولغان شەھىرىمدە تۇرۇشۇمنى راۋا كۆرمىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا خاتىرجەم ئىبادەت قىلىدىغان بىر يەرگە بارماقچىمەن» دېگەن . شۇنىڭ بىلەن ئىبنۇد دۇگۇننە مەككىنىڭ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدەك كاتتا بىر زاتتىن مەھرۇم بولۇشىنى خالىماي ، ئۇنى قوغداشقا ۋەدە بەرگەن ۋە ئەبۇ بەكرىنى مەككىگە ئېلىپ بېرىپ ، قۇرەيشلەرگە : «مېھماندوست ، خەلقپەرۋەر ، تۇغقان ھەققىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ، زورۇر تېپىلغاندا كىشىلەرگە ياردەم بېرىدىغان بىر ئادەمنى شەھىرىڭلاردىن چىقىرىۋەتمەكچىمۇ

www.uyghurkitap.com

سىلەر ؟ » دېگەندە ، قۇرەيش ئاقساقاللىرى : «ئەبۇ بەكرى قۇرئان-
نى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇماسلىق شەرتى بىلەن بۇ يەردە تۇرسا
بولىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئاۋازى ياشلىرىمىزنىڭ ۋە ئاياللىرىمىز-
نىڭ ئەقلى ۋە قەلبىگە تەسىر قىلىدۇ» دېگەن . ھەزرىتى ئەبۇ
بەكرى بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە ئۆيىنىڭ يېنىغا بىر
مەسچىت سالغان ۋە ئۇ يەردە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قۇرئان ئوقۇشقا
باشلىغانىدى .

ئىنتايىن سەزگۈر ۋە تولىمۇ كۆڭلى يۇمشاق ھەزرىتى ئەبۇ
بەكرى قۇرئان ئوقۇغاندا ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ، سەمىمىيلىكى ۋە
ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقى قۇرئاننىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن بىرلىشىپ ،
كۆڭۈللەرنى ھاياجانغا سالاتتى . قۇرەيشلەر ئىبنۇد دۇگۇننەگە ئەبۇ
بەكرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان ، ئىبنۇد دۇگۇننە ئۇنى ھىماي-
سى ئاستىغا ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى :
«سېنىڭ ھىمايەڭگە موھتاج ئەمەسمەن ، ماڭا ئاللاھنىڭ ھىماي-
سى كۇپايە» دېگەن . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مەككىدىن ھەبەشىستان-
غا ھىجرەت قىلغان چاغدا ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئائىلىسىدىكى-
لەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغان بولۇشى مۇمكىن .

ئىككىنچى ھىجرەت مەدىنىگە قىلىندى . ئۇ چاغدا مۇشرىك-
لارنىڭ زۇلۇمى ۋە قىيىن - قىستاقلىرى چىدىغۇسىز دەرىجىگە
يەتكەنىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ئاللاھدىن مەدىنىگە
ھىجرەت قىلىشقا ئەمىر كەلگەن بولۇپ ، ھەر كۈنى يوقلاپ بارىدى-
غان ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنىدى .
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كۈنى ھەر كۈندىكىسىنىڭ ئەكسىچە
يۈزىنى بىر ياغلىق بىلەن چۈمكەپ كەلگەنىدى . ھەزرىتى ئەبۇ
بەكرىنىڭ يېنىدا قىزلىرى ئائىشە بىلەن ئەسما بار ئىدى . چۈش
ۋاقتى ئىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى بىلەن مەخپىي
بىر ئىش ھەققىدە سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ھەزرىتى ئەبۇ
بەكرى : «بۇ يەردە يات بىرى يوق ، مەرھەمەت» دېدى . پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھىجرەت ھەققىدە گەپ ئاچتى . ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئەسما سەپەرگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشقا باشلىدى . ئىككى دوست مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى . ئىككىيلەن ئائىلىسىنى دۈشمەنلىنىڭ زۇلۇم ۋە بېسىمىغا تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى . ئىككىيلەن پەيغەمبەرلىكنىڭ 14 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى مەدىنىگە يېتىپ بارغانىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ بېرىپ ، ئۇ يەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئەبۇ رافىنى ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ بىر ئادەمنى مەككىگە ئەۋەتىپ ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ كېلىشنى ئۆتۈندى . ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئانىسى بىلەن ئىككى قىز قېرىندىشىنى ئېلىپ مەككىدىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى . يولدا كېتىۋاتقاندا ھەزرىتى ئائىشە مىنگەن تۆگە توپتىن ئايرىلىپ قېچىپ ، ھەزرىتى ئائىشەنى ئۈستىدىن تاشلىۋېتىدىغاندەك تېز چېپىشقا باشلىدى ، ئائىشەنىڭ ئانىسى قىزىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنىڭ تۆگىدىن يىقىلىپ بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىشىدىن قورقۇپ ، قىزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ پالاكەتكە يىغلىدى . ئائىشەنىڭ تۆگىسى ئۇزۇن ئۆتمەي چېپىشتىن توختاپ ، توپقا قوشۇلدى .

بۇ توپ مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر مەسچىتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھۇجرىلارنى بىنا قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايلى سەۋدە ، قىزلىرى پاتىمە بىلەن ئۇممۇ كۇلسۇم بۇ ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتى[1] .

ھەزرىتى ئائىشە مەدىنىدە ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بەنى ھارىسى ئىبنى ھەزرەج مەھەللىسىگە چۈشۈپ ، ئۇ يەردە

---

① ئەبۇ داۋۇد : «كىتابۇل ئەدەپ» .

يەتتە ـ سەككىز ئاي تۇردى . ئۇ چاغدا مۇھاجىرلارنىڭ كۆپچىلى-
كى مەدىنىنىڭ سۇ ۋە ھاۋاسىغا كۆنەلمەي كېسەل بولۇپ كەتكەن-
دى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ كېسەل بولۇپ قېلىپ ، ئۇنىڭغا
كىچىك قىزى قارىدى .

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بې-
رىپ ، ئاتىسىنىڭ كېسەللىكىنى ئېيتقاندا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىس-
سالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغان-
دى . بۇنىڭ كەينىدىن ھەزرىتى ئائىشەمۇ كېسەل بولۇپ قالدى .
ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قىزىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىغا ناھايىتى
بىئارام بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئاتلىق مېھرى ـ شەپقىتىنى ئايىمىغان
بولسىمۇ ، كېسەللىك ھەزرىتى ئائىشەنى قاتتىق چىرمىۋالغان ،
ھەتتا پۈتۈن چاچلىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانىدى .
ھەزرىتى ئائىشە كېسەلدىن قۇتۇلغاندا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەي-
غەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئائىشەنى نىمىشقا تېخى-
چە ئۆيىگە ئېلىپ كەتمىگەنلىكىنى سورىغان . پەيغەمبەر ئەلەي-
ھىسسالام ئائىشەنىڭ مەھرىنى تېخىچە بەرمىگەنلىكىنى ۋە بەرگۈ-
دەك ماداربىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقان . بۇنىڭغا قارىتا ھەزرىتى ئەبۇ
بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانچىلىك تەلەپ قىلسا ، قەرز
ھېسابىدا شۇنچىلىك بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان . پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ مەھرىنى ئۇنىڭدىن قەرز ئېلىپ ھەزرى-
تى ئائىشەگە ئەۋەتكەنىدى . چۈنكى ، مەھرى بېرىش پەرز ئىدى .
مەھرى ئايالنىڭ ھەققى بولۇپ ، بۇ ھەق ئۇنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشى
كېرەك ئىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە تېگىشلىك مەھرىنى ئە-
ۋەتكەندىن كېيىن ، مەدىنىلىك ئاياللار كېلىنىنى كۆچۈرۈپ كې-
لىش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە بارغان ، ئۇممۇ رۇمان قىزى-
نى ياساپ ـ جابدۇپ ، ئەنسار ئاياللىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغان .

ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللا كەلگەنىدى[1] .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تويى ھىجرەت يىلىنىڭ شەۋۋال ئېيىدا ، كۈندۈزدە بولدى . ئەينى «ئۇمدەتۇل قارى»دىن نەقىل كەلتۈرۈپ ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بەدىر غازىتىدىن كېيىن ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى نىكاھلانغانلىقىنى بايان قىلىدۇ[2] .

مانا بۇ بايانلاردىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ نىكاھى ۋە تويىنىڭ ناھايىتى ئاددىي بولغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ . مۇسۇلمانلارغا يارىشىدىغىنى ۋە ياقىدىغىنىمۇ مۇشۇنداق ئاددىي ـ ساددىلىق ئىدى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تويى ئەرەبلەردىكى توي مۇراسىمىنىڭ ناھايىتى قىيىن بولۇشىنىڭ مەنىسىز بىر ئىسراپچىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن . تويىنى خىلمۇخىل ئورۇنسىز چىقىملارغا سەۋەب قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ، ئەكسىچە بۇنداق ناچار ئادەتلەرنىڭ يوقىتىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن ۋە بۇ ئادەتلەرنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى . يەنە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلىنىشى قېرىنداشلارچە بىر ـ بىرىنى سۆيىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا نىكاھ ۋاستىسى بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەنمەيدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئەرەبلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئاساسسىز قاراشنىڭ يوقىلىشىغا تۈرتكە بولغان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشەگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويۇشىغا نىسبەتەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدە پەيدا بولغان ئېتىرازلىققا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا : «سەن مېنىڭ مۇسۇلمانلىقتا قېرىندىشىم بولىسەن» دېگەنىدى .

ئەرەبلەر شەۋۋال ئېيىدا توي قىلمايتتى . چۈنكى ، بۇرۇنقى

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «تەزۋىجۇ ئائىشە» ؛ مۇسلىم : «كىتابۇن نىكاھ» .

② «ئۇمدەتۇل قارى» 1 ـ توم ، 45 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

زامانلاردا بىر شەۋۋال ئېيىدا ، ئەرەبىستاندا ۋابا تارقالغانىدى. شۇ ۋەجىدىن شەۋۋال ئېيى شۇم ئاي ھېسابلىنىپ ، بۇ ئايدا توي قىلماسلىق ئادەتكە ئايلانغانىدى[1] .

ھالبۇكى ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ نىكاھىمۇ ، تويىمۇ شەۋۋال ئېيىدا بولغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە تويلارنىڭ شەۋۋال ئېيىدا بولسا بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلغان ۋە ئۆز نىكاھى بىلەن تويىنىڭ بۇ ئايدا بولغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى قىسمەتلىك ۋە تەلەيلىك ھەمدە ئەڭ بەختىيار ئايال ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى[2] . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشەنى شەۋۋال ئېيىدا نىكاھىغا ئېلىشى ئەرەبلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بىر خۇراپاتلىقنى تۈگەتكەنىدى .

ئەرەبلەرنىڭ كونا ئادىتى بويىچە ، كېلىنىنىڭ ئالدىغا ئوت يېقىلىپ كۆچۈرۈلەتتى . ئەر ئايىلىنى كاجۇۋادا يۆتكەپ ، چېدىرىدا قارشى ئالاتتى . بۇخارى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تويىدا بۇ مۇراسىمنىڭمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ[3] .

---

① بۇخارى : «كىتابۇن نىكاھ» .
② ئىبنى سەئد : «تەبەقات» .
③ «سەھىھۇلبۇخارى» ، «سەھىھۇلمۇسلىم» : «كىتابۇن نىكاھ» .

# تۆتىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تەلىم - تەربىيىسى

ئەرەبلەر ئىچىدە ئاياللارلا ئەمەس، ئەرلەرمۇ ساۋاتسىز ئىدى. ئەرلىرى «قارا تۇرۇك» بولغان ئەھۋالدا ئاياللارنىڭ تەلىم - تەربىيىسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىسلام مەيدانغا كەلگەن چاغدا قۇرەيشلەر ئىچىدە ساۋاتلىقلارنىڭ سانى يەتمىشتىن ئاشمايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللاردىن يالغۇز شىفا بىنتى ئابدۇللا ئەل ئەدەۋىييە بار ئىدى. ئىسلامنىڭ دۇنياۋى پەزىلەتلىرىدىن بىرى، ئۇ مەيدانغا كېلىشى بىلەن تەڭ ساۋات چىقىرىش نېمىتىدىن ھەممە كىشىنى بەھرىمەن قىلغانلىقى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر جېڭىدە ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىكلاردىن ھەربىرىنىڭ ئون مۇسۇلماننىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش شەرتى بىلەن ئازاد قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئىچىدە ساۋاتلىقلارنىڭ سانى كۆپەيگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە ھاياتىنى ئىلىم-ئىرپانغا بېغىشلىغان سۇففە ئەھلىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلىمىدىن پايدىلانغىنىدەك، ساۋاتىنى چىقىرىشقىمۇ قاتناشقانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ساۋاتلىقلار ھەزرىتى ھەفسە بىلەن ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە ئىدى. ھەزرىتى ھەفسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن شىفا بىنتى ئابدۇللادىن ساۋاتىنى چىقارغانىدى[1]. ئايال ساھابىلار ئىچىدىمۇ ساۋاتلىقلار بار ئىدى.

① ئەبۇ داۋۇد: «كىتابۇت تىب».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياش قۇرامى ئوخشاش بولمىغان ئاياللار بىلەن، مەسىلەن، ھەزرىتى ئائىشەدەك بىر ياش ئايال بىلەن توي قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلۇقىدىن ئەرلەردەك پايدىلىنالمايدىغان ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزئارا سۆھبەتلەشسە، نەتىجىدە ئۇ ئاياللار ئەرلىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلسا دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بولۇپمۇ ھەزرىتى ئائىشە ئىسلامنىڭ ئاياللار دۇنياسىغا چاچقان نۇرلىرىنى ئەتراپىغا ئاستا - ئاستا تارقاتماقتا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشەدىن باشقا ئاياللىرى ياشانغان ئاياللار ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ياش بولغانلىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىم - تەربىيىسىدىن تېخىمۇ بەھرىمەن بولالايتتى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىشى بىلەن ھاياتىنىڭ ئۇپۇقىدا يېڭى بىر نۇر پەيدا بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگەن ئايالىلىق يولىنى يورۇتىدىغان بىر مەشئەلگە ئايلانغانىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پۈتۈن قۇرەيشلەر ئىچىدە نەسەب ئىلمىنى بىلىدىغانلىقى ۋە شېئىرغا قىزىقىدىغانلىقى بىلەن داڭ چىقارغانىدى[1]. قۇرەيش شائىرلىرى شېئىرلىرىنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرەتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇ شېئىرلارنى تۈزىتىپ بېرەتتى ۋە شائىرلارغا ھەر خىل ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بېرەتتى. ھەزرىتى ئائىشەمۇ نەسەب ئىلمىنى ئۆگەنگەن ۋە ئاتىسىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەسىدىن ئۈدۈم ئالغانىدى[2].

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىگە ناھايىتى

---

① «سەھىھۇلمۇسلىم»: «مەناقىبۇ ھەسسان».

② ھەكىم: «زىكرۇ ئائىشە».

دىققەت قىلاتتى . مەسىلەن ، بىر قېتىم ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇررەھمان مېھمانلارغا تېزلىكتە تاماق تارتقۇزماقچى بولغاندا ئاتىسى تەرىپىدىن تەنقىدلەنگەنىدى . ھەزرىتى ئائىشە توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ھەربىر ھەرىكىتىدە ئاتىسىنى ئويلايتتى ۋە ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ئۇچراشتىن قورقاتتى[1] . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى زۆرۈر تېپىلغاندا قىزىغىمۇ تەنبىھ بېرەتتى ھەتتا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئاگاھلاندۇرغان ، ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن تەنقىدتىن قۇتۇلغانىدى[2] .

ھەزرىتى ئائىشە ئاتىسىنىڭ بىلىمىدىن پايدىلانغان بولسىمۇ ، ھەقىقىي تەلىم - تەربىيىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئالغانىدى . ئائىشە بۇ چاغلاردا ساۋات چىقىرىپ ، قۇرئاننى ئوقۇشقا باشلىغانىدى[3] . بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، ئائىشە ئوقۇشنى بىلگەن بولسىمۇ ، يېزىشنى بىلمەيتتى . بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ، ئائىشە قۇرئاننى خىزمەتچىسى زەكۋانغا يازدۇراتتى[4] . مانا بۇ رىۋايەتلەردىن ئائىشەنىڭ خەت يېزىشنى بىلمەيدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ[5] . بەزى رىۋايەتلەردە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بىر قىسىم مەكتۇپلارغا يازغان جاۋابلىرىدا ئۇنداق - مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل كەلتۈرۈلگەن . بەلكىم ، رىۋايەتچىلەر «يازدۇردى» دېيىشنىڭ ئورنىدا «يازدى» دېگەن بولۇشى مۇمكىن .

ساۋاتلىق بولۇش ئىنسانلارنىڭ تاشقى جەھەتتىكى تەلىم - تەربىيىسى بولۇپ ، ھەقىقىي تەلىم - تەربىيە ئۆلچىمى ساۋاتلىق بولۇشتىن تولىمۇ ئۈستۈن تۇراتتى . ئىنسانلارنىڭ يېتىلىشى ،

① «سەھىھۇلمۇسلىم» : «بابۇل قەسەم بەينەز زەۋجات» .
② ئەبۇ داۋۇد : «كىتابۇل ئەدەپ» .
③ «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇت تەئلىفۇل قۇرئان» .
④ «سەھىھۇلبۇخارى» : «ئەسسەلاتۇل ۋۇستە» ، «مۇسنەدى ئەھمەد»
⑤ «مۇسنەدى ئەھمەد» .

www.uyghurkitap.com

دىنىي ئاساسلارنى بىلىش ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىنچىكە يەرلىـ
ـرىنى چۈشىنىش ، قۇرئاننىڭ مەنىسىدىن خەۋەردار بولۇش ، پەيـ
ـغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلتۈرگەن ھۆكۈملەرنى ھەقىقىي بىلىش ،
تەلىم ـ تەربىيىنىڭ ئەڭ يۇكسەك نىشانىدۇر . ھەزرىتى ئائىشە
بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە سۆز ساھىبى بولدى . شۇنداقلا ئۇ
تارىخ ، ئەدەبىيات سورۇنلىرىدا سۆزى ئۆتىدىغان دەرىجىگە كۆتۈـ
ـرۈلدى . ئۇ شۇ زاماننىڭ تېبابەت ئىلمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسساـ
ـلامنى ئارىلاپ يوقلاپ كېلىدىغان ئەرەب تېۋىپلاردىن ئۆگەندى .
كېيىنكى چاغلاردا رەسۇلۇللا كېسەل بولۇپ قالغاندا ، ھەزرىتى
ئائىشە تېۋىپلار تەۋسىيە قىلغان دورىلارنى ئېسىدە تۇتۇپ ، پەيـ
ـغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇ دورىلارنى بېرەتتى .

ھەزرىتى ئائىشە دىنىي بىلىملەرنى شەخسەن پەيغەمبەر ئەلەيـ
ـھىسسالامدىن ئۆگەنگەنىدى . ئىسلامنىڭ ئۇستازى بولغان پەيغەمـ
ـبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىدى . ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭ
بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يورۇقىدىن
نۇر ئېلىپ تۇراتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىم ـ تەربىيە
مەجلىسى كۈندۈزلىرى پەيغەمبەر مەسچىتىدە بولاتتى . پەيغەمبەر
مەسچىتى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا تام قوشنا ئىدى . ھەزـ
ـرىتى ئائىشە بۇ دەرسلەرنى ئۆز ھۇجرىسىدا تۇرۇپ ئاڭلايتتى ۋە
ئۇلارغا قاتنىشاتتى . ھۇجرىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى ئاڭلىدـ
ـيالمىغانلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىگە
ئەھمىيەت بېرىپ ، ھەپتىنىڭ بىر كۈنىنى ئۇلارغا ئايرىغانىدى .
ھەزرىتى ئائىشە ھەر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن
مەسىلىلەرنى دىققەت بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ ، ھەربىر مەـ

---

[1] «مۇسنەدى ئەھمەد» .

سىلىنى ئۇنىڭدىن سوراپ، بىر مەسىلە ھەققىدە قانائەت ھاسىل قىلغۇچە ئۇنى تەتقىق قىلاتتى.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى رەسۇلۇللا! جانابىي ھەق: «ئۇ كۈنى ئاسمان ـ زېمىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ، پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ» (جانابىي ھەق يەنە: «پۈتۈن زېمىن قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەمرىدە بولىدۇ ۋە ئاسمانلار ئۇنىڭ ئىلكىدە پۈكۈلگەن ھالدا بولىدۇ») دەيدۇ. ئاسمان ـ زېمىن بولمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىنسانلار قەيەردە تۇرىدۇ؟» دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە ...»[1] دېدى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەز ئېيتىۋېتىپ: «ئىنسانلار قىيامەت كۈنى قىپيالىڭاچ ھالەتتە بولىدۇ» دېگەنىدى، ھەزرىتى ئائىشە: «يا رەسۇلۇللا، قىيامەت كۈنى ئەر ـ ئايال بىر يەردە بولسا، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراشامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە قاراپ: «ئۇ شۇنداق قورقۇنچلۇق چاغكى، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولمايدۇ» دېدى[2].

بىر قېتىم ھەزرىتى ئائىشە: «ئى رەسۇلۇللا! قىيامەت كۈنى بىر دوست يەنە بىر دوستىنى ئەسلىمەمدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئائىشە، ئۈچ يەردە ھېچكىم ھېچكىمنى ئەسلىمەيدۇ: تارازىنىڭ ئالدىدا ئەمەللەر ئۆلچەنگەندە تاكى تارازىنىڭ ئەمەل كۆزى يېنىك ياكى ئېغىر كەلگۈچە؛ ھەر

---

① «مۇسنەدى ئەھمەد».

② «سەھىھۇلبۇخارى»: «بابۇ كەيفەل ھەشر».

كىشىنىڭ نام ـ ئەمەلى ئوڭ قولىغا ياكى سول قولىغا بېرىلگەندە ؛ ئاندىن جەھەننەمدىن بىر بويۇن سوزۇلۇپ غەزەپ بىلەن «ماڭا ئۈچ توپ كىشىلەر بېرىلدى ، ماڭا ئۈچ توپ كىشىلەر بېرىلدى ، ماڭا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر ، ھېساب ئېلىنىدىغان كۈنگە ئىشەنمەيدىغانلار ، زۇلۇم قىلغۇچىلار ۋە جاھىللار بېرىلدى ، دېگەندە ...» دېدى .

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن : «مۇشرىكلار ۋە كۇففارلار ئىچىدە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ ياخشىلىقلىرىنىڭ ساۋابىنى كۆرەمدۇ ؟» دېگەن بىر سوئال سورالدى . مەسىلەن ، ئابدۇللا ئىبنى جۇدئەن مەككىنىڭ ياخشى مىجەز ، ياخشى كۆڭۈللۈك مۇشرىكلىرىدىن ئىدى . ئىبنى جۇدئەن ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى قۇرەيشلەر ئۈچۈن قان تۆكۈش بىلەن بىللە ، قۇرەيش ئاقساقاللىرىنى يىغىپ تىنچلىقنى كاپالەتلەندۈرۈشكە تىرىشقان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ يىغىنىغا قاتناشقانىدى . ھەزرىتى ئائىشە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن : «ئى رەسۇلۇللا ! ئىبنى جۇدئەن جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلغان ، پۇقرالارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغانىدى . ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنىڭ ئۆزىگە بىرەر پايدىسى تېگەمدۇ ؟» دەپ سورىغانىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ياق ، ئائىشە ! ئۇ ئادەم بىر قېتىممۇ ، يا رەببىم ، قىيامەت كۈنى مېنىڭ گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىل ، دېمىدى» دەپ جاۋاب بەردى .

نىكاھتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بولۇشى شەرت . لېكىن ، قىزلار رازىلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئىپادىلىيەلمەيدۇ . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن : «ئى رەسۇلۇللا ، نىكاھتا ئاياللىنىڭ رازىلىقى ئېلىنىشى كېرەك ، دېگەنىدىڭىز ، لې-

كىن ئايال خىجالەت بولغانلىقى ئۈچۈن جىم تۇرىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۈكۈت قىلغىنى رازىلىق بەرگەنلىكىدۇر» دېگەن[1].

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قوشىندارچىلىق ھەققى ناھايىتى مۇقەددەستۇر. بۇ ھەقنىڭ ئادا قىلىنىشى ئەرلەردىن كۆپرەك ئاياللارغا باغلانغان بولىدۇ. لېكىن، بىر كىشىنىڭ ئىككى قوشنىسى بولسا، قانداق قىلىدۇ، قايسىسىنى قايسىسىدىن ئارتۇق بىلىدۇ؟ ھەزرىتى ئائىشە بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىشىكى سېنىڭ ئىشىكىڭگە يېقىن بولغىنىنى ئارتۇق بىل» دېگەن.

بىر قېتىم ھەزرىتى ئائىشەنى ئىنىكتاغىسى (ئىنىكئانىسىنىڭ ئەر قېرىندىشى) يوقلاپ كەلگەندى، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنى قوبۇل قىلماي: «مەن سۈت ئەمگەن بولسام ئىنىكئانامنىڭ سۈتىنى ئەمدىم. ئىنىكتاغام بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم بولسۇن؟» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندە ئەھۋال ئۇ زاتقا ئۇقتۇرۇلغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەگە: «ئۇ سېنىڭ ئىنىكئاناڭنىڭ قېرىندىشى. ئۇنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلساڭ بولىدۇ» دېدى.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: «(ئۇلار) ... پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر.»[2] ھەزرىتى ئائىشە بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئويلىنىپ قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى رەسۇلۇللا، ئۇ كىشىلەر ئوغ-

① «سەھىھۇلمۇسلىم»: «كىتابۇن نىكاھ».
② 23 ـ سۈرە، 60 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

رىلىق قىلغانلىقى ياكى زىنا قىلغانلىقى ۋە ياكى شاراب ئىچكەنلىكى ئۇچۇن ئاللاھدىن قورققانمۇ ؟» دەپ سورىغانىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ياق ، ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ! ياق ، سىددىقنىڭ قىزى ! بۇ دېگەنلىك ئۇ كىشىلەر ئاللاھدىن قورقۇپ ناماز ئوقۇغان ، روزا تۇتقان ۋە سەدىقە بەرگەن» دېگەنلىكتۇر ، دەپ جاۋاب بەردى .

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات[1] بولۇشنى ئۈمىد قىلسا ، ئاللاھ ئۇنى بۇنىڭغا نائىل قىلىدۇ . كىم ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى خالىمىسا ، ئاللاھ ئۇنى بۇنىڭغا نائىل قىلمايدۇ» دېدى . بۇنىڭغا قارىتا ھەزرىتى ئائىشە : «ئى رەسۇلۇللا ، لېكىن بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشى يوق !» دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۇنىڭ يولى بۇ ئەمەس . بىر مۆمىن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ، ئاللاھنىڭ رىزاسى ۋە جەننەتنى ئېسىگە ئالغىنىدا ئاللاھقا مۇلاقات بولۇش ئارزۇسىنى ھېس قىلسا ، ئاللاھ ئۇنى شۇ ئارزۇ بىلەن قارشى ئالىدۇ . لېكىن كۇففارلار ئاللاھنىڭ ئازابىنى ، غەزىپىنى ئاڭلىغاندا ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشتىن نەپرەتلىنىدۇ ، ئاللاھمۇ ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ» دېدى[2] .

ھەزرىتى ئائىشە مانا شۇنداق سوئاللارنى سوراپ ، چۈشەنمىگەنلىرىنى تەتقىق قىلىپ ، بىلىمىنى ئارتتۇراتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەر كۈنى بىر ساۋاق ئالاتتى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئاللارغا ھەر دائىم قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەتتى . بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

① مۇلاقات — ئۇچرىشىش مەنىسىدە .

② تىرمىزى : «كىتابۇل جەنائىز» .

ئاياللىرىغا ئاچچىقلانغان ۋە ئۇلاردىن بىر ئاي يىراق تۇرماقچى بولغانىدى (بۇ «ئىلائ» يەنى قەسەم قىلىش دېيىلىدۇ) . قىلغان قارارىغا ئەمەل قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئايرىم ئۆيدە يې- تىپ ، 29 كۈن ئاياللىرىنىڭ يېنىغا بارمىغانىدى . ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئاي قەمەرىيە يىلنامىسى بويىچە 29 كۈن كېلەتتى . ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هەزرىتى ئائىشەنىڭ هۇجرىسىغا كىرگەن ۋە خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىنغانىدى . پەيغەمبەر ئەلەي- هىسسالامنىڭ خاپىلىقىنى ئېسىگە سالماسلىق ئۈچۈن «ئىلائ» (قەسەم قىلىش) ۋەقەسىدىن زادى ئېغىز ئاچمىغان ئائىشە پەي- غەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزىنى ئورۇنداشنى ناهايىتى مۇهىم هېسابلاپ ، ئۇ زاتقا : «ئى رەسۇلۇللا ! هۇجرىلىرىمىزغا بىر ئاي كىرمەسلىككە قەسەم قىلغانىدىڭىز ، هالبۇكى تېخى 29 كۈن بولدى» دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام : «ئائىشە ، بەزى ئاي 29 كۈن بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى .

بىر قېتىم بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا كەلمەكچى بولغانىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام : «قويۇۋېتىڭلار ، كەلسۇن . بۇ ئادەم ئۆز جەمەتىدە ياخشى ئادەم سانالمايدۇ» دېدى . لېكىن ، هېلىقى كىشى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەي- هىسسالام ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ ، سەممىمىي سۆزلەشتى . بۇ هال هەزرىتى ئائىشەنى هەيران قالدۇرغانىدى . ئۇ كىشى كەتكەن- دىن كېيىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن : «ئى رەسۇلۇللا ، سىز بۇ ئادەمنىڭ يامان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىڭىز ، هالبۇ- كى ، يېنىڭىزغا كىرگەندە ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتتىڭىز . بۇ- نىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ سورىغانىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام : «ئادەملەرنىڭ ئەڭ يامىنى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىقىدىن قور-

قۇپ ، سۆزلىشىشنى خالىمايدىغان كىشىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى[1] .

ئەرەبىستان بەدەۋىلىرى[2] بىلەن يېزىلىقلىرى تارتىلىشقا دىققەت قىلمايتتى . ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلار ئەتكەن تاماقنى ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن سۈتنى ئىچمەيتتى . بىر كۈنى ئۇممۇ سۇمبۇلە ئىسىملىك بىر يېزىلىق ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۈت ئېلىپ كەلگەن ، لېكىن ئۇنى تاپالمىغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە ئۇممۇ سۇمبۇلەگە : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدەۋىلەر ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى يېمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ» دەۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى كىرىپ كەلدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سۇمبۇلەگە : «نېمە ئېلىپ كەلگەنىدىڭىز ؟» دېگەنىدى ، ئۇممۇ سۇمبۇلە : «سىزگە بىر ئاز سۈت ئېلىپ كەلگەنىدىم» دەپ جاۋاب بەردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا : «سۈتنى چاناققا قۇيۇڭ ، مەنمۇ ، ئەبۇ بەكرىمۇ ئاچ قورساق» دېدى ۋە چاناقنى ئېلىپ سۈتنى ئىچىشتى . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈتنى ئىچكەنلىكىنى كۆرۈپ : «خۇدايا تۇۋا ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدەۋىلەر ئېلىپ كەلگەن سۈتنى ئىچتىمۇ ـ نېمە ؟ ئى رەسۇلۇللا ، سىز ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى يېمەيتتىڭىز ۋە ئىچمەيتتىڭىزغۇ ؟» دېگەنىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۇلار بەدەۋى ئەمەس ، بىزنىڭ يېزىلىقلىرىمىز . بىز ئۇلارنىڭ شەھەرلىكلىرى . بىز ئۇلارنى دەۋەت قىلغاندا ئۇلار بىزنىڭ دەۋىتىمىزگە قوشۇلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بەدەۋى ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن جاۋابىدىكى : «بىز ئۇلارنى دەۋەت قىلغاندا ، ئۇلار ماقۇل كۆرىدۇ» دېگەن مەنىدىكى سۆزلىرىدىن مەقسەت ، ئۇلار-

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇل غەيبە» .

② بەدەۋى — چۆلدە ياشايدىغان كىشىلەر .

نىڭ ئىچىدىكى ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىدىن خەۋەردار بولغانلارغا قارىتىلغانىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى : «ئوتتۇراھال يول تۇتۇڭلار . كىشىلەرنى ئۈزۈڭلەرگە مايىل قىلىڭلار . ئۇلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈڭلار . ئىنسانلارنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان نەرسە ئەمەللىرى ئەمەس ، ئاللاھنىڭ پەزلى ـ رەھمىتىدۇر » دېگەنىدى . بۇ سۆزدىن ھەيران بولغان ھەزرىتى ئائىشە گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ : «ئى رەسۇلۇللا ! سىزنىڭ ئەمەللىرىڭىزمۇ سىزنى جەننەتكە ئېلىپ بارالمامدۇ ؟ » دېگەندە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ياق ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى بولمىسا جەننەتكە ئېلىپ بارالمايدۇ » دەپ جاۋاب بەرگەنىدى .

بىر كېچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەھەججۇد (كېچىلىك ) نامىزىنى ئوقۇغان بولسىمۇ ، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇمايلا ياتماقچى بولغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە : «ئى رەسۇلۇللا ، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇماي ياتتىڭىزغۇ ! » دېگەندە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئائىشە ، مېنىڭ كۆزلىرىم ئۇخلىغان بىلەن قەلبىم ئۇخلىمايدۇ » دېگەنىدى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇنداق سوئاللارنى سورىشى ئۇنىڭ جۈرئەتلىكىدىن ۋە ئىلىمگە بولغان زور ئىشتىياقىدىن بولغان .

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەممىنى سوراپ ئۆگەنگىنىدەك ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭ بىر خاتاسىنى كۆرگىنىدە ، شەخسەن ئاگاھلاندۇرۇپ چۈشەندۈرەتتى . بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئولتۇرغىنىدا ، يەھۇدىيلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغان . يەھۇدىي ئۆيگە كىرگىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دېيىشنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئورنىغا : «ئەسسامۇ ئەلەيكۇم» (ئۆلەرسەن !) دېگەن . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاددىيلا : «ۋە ئەلەيكۇم» (سەنمۇ) دەپ جاۋاب قايتۇرغان . ھەزرىتى ئائىشە يەھۇدىيغا ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولغاندا ، ئۇ قايتىپ كەتكەن . يەنە كەلگىنىدە يەنە شۇ سۆزلەرنى تەكرارلىغان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ يەنە شۇنداق جاۋاب بەرگەن . يەھۇدىي قايتىپ كېتىپ ، ئۈچىنچى قېتىم كەلگىنىدە يەنە شۇنداق دەپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يەنە شۇنداق جاۋاب ئالغان . بۇ قېتىم ھەزرىتى ئائىشە تاقەت قىلالماي يەھۇدىيگە : «سىزگە ئۆلۈم ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپى ياغسۇن . نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ سالىمىدىن باشقىسى بىلەن خىتاب قىلىسىز !» دېگەندە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە قاراپ : «خەپشۇك ! جانابىي ھەق يامان سۆزنى ياخشى كۆرمەيدۇ . ئۇلار بىزگە بىر يامان سۆز قىلدى ، بىزمۇ ئۇنى ئۇلارغا قايتۇردۇق . ئۇلارنىڭ سۆزىدىن بىزگە بىرەر زىيان كەلمىدى . لېكىن ، بىزنىڭ جاۋابىمىز قىيامەت كۈنىگىچە ئۇلارنىڭ پېشىنى قويۇپ بەرمەيدۇ» دېگەنىدى .

بىر قېتىم بىر كىشى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بىر نەرسىسىنى ئوغرىلىۋالغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنى قارغىۋەتكەن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئائىشە ! ئۇنى قارغىشىڭ ، سېنىڭ ساۋابىڭنى ، ئۇنىڭ گۇناھىنى ئازايتىدۇ» دېگەنىدى .

ھەزرىتى ئائىشە بىر سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغاندا ، ئۇنىڭ تۆگىسى تەرسالىق قىلغان . ئائىشە غەزەپلىنىپ ، ئاغزىدىن : «لەنەت» دېگەن سۆزنى چىقىرىۋەتكەن . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە قاراپ : «تۆگىنى قايتۇرۇۋەت . مەلئۇن نەرسىلەر بىز بىلەن بىللە بولالمايدۇ» دېگەنىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ بىلەن ئائىشەگە ھايۋانلارغىمۇ يامان سۆز ئىشلەتمەسلىك كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەنىدى .

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرى سادىر قىلغان ئۇششاق ـ چۈش-

شەك كەمچىلىكلەرگە سەل قارايدۇ ۋە بۇ كەمچىلىكلەرنى سادىر قىلىشنىڭ كارايىتى چاغلىق دەپ ئويلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى: «ئائىشە، كەمچىلىك، خاتالىق ۋە گۇناھلارنىڭ كىچىك كۆرۈنگەنلىرىدىن ساقلان! چۈنكى، ئاللاھ بۇلاردىن ھېساب ئالىدۇ.» دېگەنىدى.

ھەزرىتى ئائىشە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئايالنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزگەندە، سۆز ئارىسىدا ئۇنىڭ پاكارلىقىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەگە: «بۇ سۆزۈڭ غەيۋەتتۇر» دېگەن.

ھەزرىتى سەفىيەنىڭ بويى پاكار ئىدى. بىر كۈنى ھەزرىتى ئائىشە سەفىيەنىڭ سۆزىنى قىلغاندا ئۇنىڭ بۇ ھالىنى باشقا بىر نەرسىگە ئوخشاتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە: «سەن شۇنداق بىر گەپ قىلدىڭكى، ئۇنى تاتلىق سۇلۇق دېڭىزغا ئارىلاشتۇرساڭ، دېڭىز سۈيى شۇئان ئاچچىق بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن. ئائىشە پەقەت بىر ئەمەلىيەتنى دېگەنلىكىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانداقلا بولمىسۇن، مەن بۇنداق سۆزنى ھېچكىم ھەققىدە ئېيتمايمەن!» دېگەنىدى.

بىر تىلەمچى تىلەمچىلىك قىلىپ كەلگەنىدى، ھەزرىتى ئائىشە خىزمەتچىسىگە ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشنى بۇيرۇغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە: «ئائىشە، ساناپ بەرمە، ئۇنداق قىلساڭ ئاللاھ ساڭىمۇ ساناپ بېرىدۇ» دېگەنىدى.

يەنە بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئائىشە، تىلەمچىگە بەر، جەھەننەم ئوتىدىن ساقلان. سەن بەرگەن بىر چىشلەم ناننى يېگەن ئاچ قورساق كىشىنىڭ قورسىقى تويسا، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياخشىلىق نەدە بولسۇن؟»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى: «يا رەببىم، مېنى يوقسۇل ياشاتقايسەن ۋە يوقسۇل ھالدا ئالەمدىن ئۆتكۈزگەيسەن. قىيامەتتە مېنى يوقسۇللار بىلەن بىر يەردە قىلغايسەن» دەپ دۇئا

www.uyghurkitap.com

قىلغانىدى ، ھەرزىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نىمە ئۈچۈن بۇنداق دۇئا قىلغىنىنى سورىغاندا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «يوقسۇللار بايلاردىن قىرىق يىل ئاۋۋال جەننەتكە كىرىدۇ . ئائىشە ! يوقسۇلنىڭ كۆڭلىنى ئالماي قايتۇرما . بىر توغرام نان بولسىمۇ بەر . يوقسۇلنى دوست تۇت ۋە ئۇنى قوبۇل قىل .» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەگە بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئەخلاقىي نەسىھەتلەرنى قىلغىنىدەك ، ئۇنىڭغا ناماز ، دۇئا ۋە پۈتۈن دىنىي مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئىشلارنى ئۆگەتكەنىدى . ھەزرىتى ئائىشەمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئۆگەتكەن ئىشلارنى چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەنگەنلىرى بويىچە ئەمەل قىلغانىدى .

# بەشىنچى باب

## هەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيى

هەزرىتى ئائىشە كېلىن بولۇپ كەلگەن ئۆي نە قەسىر ، نە هەشەمەتلىك ساراي ئەمەس ئىدى . بەنى نەججار مەھەللىسىدىكى پەيغەمبەر مەسچىتى ئەتراپىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرقانچە كىچىك هۇجرىسى بار ئىدى . هەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيى شۇ هۇجرىلارنىڭ بىرى بولغانىدى . بۇ هۇجرا پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلەتتى . هۇجرىنىڭ ئىشىكى پەيغەمبەر مەسچىتىگە قارايتتى . ئائىشەنىڭ بۇ تۇرالغۇسى پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ پەلەمپەي ئالدىدىكى سۇپىسى هېسابلىناتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هەزرىتى ئائىشەنىڭ هۇجرىسىدىن مەسچىتكە چىقىپ ئېتىكاپقا كىرىدىغان چاغلاردا بېشىنى ئائىشەنىڭ هۇجرىسىغا ئۇزىتاتتى ، ئائىشە ئۇنىڭ بېشىنى يۇيۇپ ، چاچلىرىنى تاراپ قوياتتى[①] . بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئولتۇرغىنىدا قولىنى هۇجرىغا ئۇزىتىپ ، بىر نەرسىلەرنى سورايتتى[②] .

هۇجرىنىڭ كەڭلىكى ئالتە ـ يەتتە ئارشىن[③] كېلەتتى . تاملىرى توپىدىن ، ئۆگزىسى خورما شاخلىرى ۋە خورما ياپراقلىرىدىن يېپىلغانىدى . يامغۇر ئۆتمىسۇن ئۈچۈن ئۆينىڭ تورۇسىغا

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «ئېتىكاپ» .
② «سەھىھۇلبۇخارى» : «كىتابۇل هەيز» .
③ ئارشىن — بىر مېتىرنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىگە تەڭ ئۆلچەم بىرلىكى — ت .

بىر پالاس تارتىلغانىدى . ئۆيىنىڭ ئىگىزلىكى ئادەم بويىدىن سەل ئېگىز ئىدى . ئىشىككە پەردە تارتىلغانىدى . ھۇجرىغا تام قوشنا «مەشرەبە» دېيىلىدىغان كىچىك ھۇجرا بار ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىلائ» (قەسەم ) ۋەقەسىدە بۇ يەردە بىر ئاي تەنھا تۇرغانىدى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ بارلىق بىساتى بىر كارد-ۋات ، بىر بورا ، بىر كۆرپە ، بىر ياستۇق ، ئۇن ۋە خورما قاچىلايدىغان ئىككى چاناق ، بىر چېلەك ، سۇ ئىچىدىغان بىر تاۋاقتىن ئىبارەت ئىدى . بۇ ھۇجرا گويا بىر نۇر مەنبەسى ئىدى . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇ يەردە بەزىدە قىرىق كېچە ئۆتسىمۇ بىر تال شام يېقىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى .

بۇ ھۇجرىدا پەقەت ئىككى كىشى ، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىس-سالام بىلەن ھەزرىتى ئائىشەلا تۇراتتى . كېيىنچە ھەزرىتى ئائى-شەنىڭ بۇرەيرە ئىسىملىك خىزمەتچىسىمۇ تۇرغانىدى① .

پەيغەمبەرلىك ۋە بەختىيارلىق كۆلىمى بولغان بۇ ئۆيىنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىنىدىغان ، ھەۋەس بىلەن ئورۇنلىنىد-غان بىرەر چوڭ ئىشى يوق ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىنىڭ ئۇدا ئۈچ كۈن تولۇق تاماق يېگەنلىكى كۆرۈلمىگە-نىدى . بۇنى شەخسەن ھەزرىتى ئائىشە دېگەنىدى② . بەزىدە بىر-نەچچە ئايلاپ ئۆيىنىڭ تۈرخۇنىدىن تۈتۈن چىقمايتتى③ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى سۇ ۋە خورما بىلەن كۈن كەچۈرەت-تى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى فەتھە قىلىپ قايتقىنىدا ئاياللىرىغا يىللىق ئوزۇق بېكىتكەنىدى④ . بۇلار ئازغىنە ئۇن ،

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇل ئىستىئانەتىل مەكاتىب» ، «ۋاقىئەتۇ ئىفك» .

② «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇ مەئىشەتىن نەبى» .

③ «مۇسنەدى ئەھمەد» .

④ «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇ كەيفە كانە يەئىشۇن نەبى» .

ئارپا ۋە خورما ئىدى[1] . لېكىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەردلىكى ۋە مېھماندوستلۇقى ۋەجىدىن بۇ ئوزۇق ئائىلىنى بىر يىل تەمىنلىيەلمەيتتى .

ساھابىلار ئومۇمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيىلەر ئەۋەتتى . لېكىن ، بۇ ھەدىيىلەر كۆپىنچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشە يېنىدا بولغان چاغلىرىدا كېلەتتى . بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە بىر نەرسە بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ ، ئۇنىڭدىن ئۆيدە ھېچ نەرسە يوقلۇقى ھەققىدىكى جاۋابنى ئالاتتى . پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر روزا تۇتاتتى ياكى ئەنسارلاردىن بىرى ئازراق سۈت ئەۋەتەتتى ، ئۇلارمۇ مۇشۇ سۈت بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى .

ھەزرىتى ئائىشە ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ئاڭلىق ئايال بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر ئاز دىققەتسىز ئىدى . بىر قېتىم ئۇ خېمىرنى يۇغۇرۇپ قويۇپ ، ئېسىدە يوق ئۇخلاپ قالغان ، قوشنا ئۆينىڭ ئۆچكىسى كېلىپ خېمىرنى يەپ قويغان[2] . بىر كۈنى ئائىشە خېمىرنى يۇغۇرۇپ ، تەييارلاپ قويۇپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز كېچىكىپ كەلگەندىن كېيىن ، نامازغا تۇرىدۇ . بۇ چاغدا ھەزرىتى ئائىشە ئۇيقۇغا كېتىپ ، قوشنىسىنىڭ ئۆچكىسى كېلىپ خېمىرنى يەپ كېتىدۇ .

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ياشانغان ئاياللىرىدەك تاماق ئېتەلمەيتتى[3] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنى ھەزرىتى بىلال باشقۇراتتى . بىلال بىر يىللىق بۇغداينى توپلاپ ئۇنى تەقسىملەيتتى ،

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «قىسسەتۇ ئىفك» .
② «سەھىھۇلبۇخارى» : «قىسسەتۇ ئىفك» .
③ ئەبۇ داۋۇد : «بابۇ مەن فەسەدە شەيئەن يەغرىمۇ مىسلۇھ» .

www.uyghurkitap.com

لازىمەتلىكلەرنى ئېسىگە ئېلىپ كېلەتتى[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئەرەبىستاننى فەتھ قىلغانىدى . ئەرەبىستاننىڭ ھەممە يېقىدىن مەدىنە خەزىنىسىگە توپ - توپ يېمەكلىكلەر ۋە ماددىي بۇيۇملار كېلەتتى . شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كۈنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيىدە بىر كۈنلۈك يېمەكلىك يوق ئىدى .

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدە ، ھەزرىتى ئائىشەگە خەيبەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەقسىم قىلىنغان ئوزۇق بېرىلەتتى . ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە بۇ ئوزۇق نەقلەشتۈرۈلۈپ ، ھەزرىتى ئائىشەگە يىللىقى ئون ئىككى مىڭ دىرھەم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىغىمۇ ئون ئىككى مىڭ دىرھەم ئايرىپ بېرىلگەنىدى[2] . بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا يەر بىلەن ئېتىز مەھسۇلاتىدىن بىرىنى تاللاشنى ئىختىيارىغا قويغان . ھەزرىتى ئائىشە يەر ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆرگەنىدى[3] . لېكىن ، بۇ دارامەتلەرنىڭ زور بىر قىسمى نامراتلارغا ۋەخپە قىلىنغانىدى . ھەزرىتى ئوسمان ، ھەزرىتى ئەلى ۋە مۇئاۋىيەنىڭ دەۋرلىرىدىمۇ شۇ ئۇسۇل تەتبىقلانغانىدى . مۇئاۋىيەدىن كېيىن ھىجازدا ھۆكۈمران بولغان ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ھەزرىتى ئائىشەنىڭ جىيەنى ئىدى . ئۇ ھامىمىسىنىڭ پۈتۈن خىراجەتلىرىنى تەمىنلىگەنىدى . لېكىن ، ھەزرىتى ئائىشەگە خەزىنىدىن ئەۋەتىلىدىغان خىراجەت بىر كۈنىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىغان ، ھەزرىتى ئائىشە تەرىپىدىن شەخسەن تارقىتىلغان[4] .

---

① ئەبۇ داۋۇد : «بابۇ قابۇلى ھەدىيەتۇل مۇشرىكىن» .

② ھەلىم : «مۇستەدرەك» ، «زىكرۇ ئائىشە فىس سەھابىيات» .

③ «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇل مۇزارەئە بىش شەتر» .

④ «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇ مەناقىبى قۇرەيش»

# ئالتىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئائىلىۋى ھاياتى

شەرقنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى كۆزقارىشى باشقىچە ، غەربنىڭ باشقىچە . شەرقلىقلەرنىڭ قارىشىچە ئايال تۇرمۇشنى يورۇتىدىغان چىراغ . ھالبۇكى ، غەربنىڭ خوتۇنپەرەسلىرى ئاياللارنى ئىلاھىيلاشتۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، ئايالنىڭ رازىلىقى ئاللاھنىڭ رىزاسىدۇر . ياۋروپالىقلاردا بىر يولنىڭ توغرا بولۇشى ، ئۇ يولنىڭ ئاياللارغا بەرگەن ئورنى بىلەن ئۆلچىنىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، ئايال ئەڭ يېقىملىق كۈيلەر بىلەن سايرىغان بىر قۇشتۇر . «ئۆي» دېيىلگەن تۇرمە ئۇنى بوغىدۇ . ھاياتىدىكى ھەربىر قائىدە ـ يوسۇنلار ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قەپەزگە ئوخشايدۇ .

لېكىن ، ئىسلام كۆرسەتكەن يول ئىفرات (ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش )مۇ ئەمەس ، تەفرىت (سەل قاراش ؛ تەركىدۇنيالىق ) مۇ ئەمەس ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇراھال يولدۇر . ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئىلاھىيلاشتۇرمايدۇ ھەم ئۇنى شۇم تىكەن ھېسابلىمايدۇ . ھېچبولمىسا ئۇنى ھېچقانداق لەنەتكە لايىقمۇ كۆرمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى تار بىر قەپەس دەپمۇ قارىمايدۇ . ئاياللار دۇنيانىڭ بۇ غەۋغالىرى ئىچىدىكى ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى بىر

پاناھگاھدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاياللار بىلەن ئۇنسى - ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر»[①].

مەقسىتىمىز بۇ يەردە ئىسلامنىڭ ئاياللارغا بولغان كۆزقارىشىنى ئىزاھلاش ئەمەس. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى چۈشەندۈرمەكچىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاراڭلاردىكى ياخشى ئادەم ئائىلىسىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولغان ئادەمدۇر، ئائىلىسىگە ھەممىدىن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم مەن بولىمەن.»[②] دېگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى تەستىقلايدىغان ئەڭ مۇھىم دەلىل شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشە بىلەن داۋاملاشقان توققۇز يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىق مەزگىلىدە ئىككىيلەن ئارىسىدا ئالاھىدە بىر كېلىشەلمەسلىك بولمىغان. بۇ مەزگىل ئىچىدە «ئىلائ (قەسەم قىلىش) ۋەقەسى»دىن باشقا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرەر ۋەقە يۈز بەرمىگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئائىشە ئارىسىدا، ئۆزئارا مۇھەببەت، پاك دوستلۇق، بىر - بىرىگە بولغان ئىخلاس مەۋجۇت ئىدى. رەسۇلۇللانىڭ ئائىلىسى تارتقان تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇلار ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىناقلىق ۋە سەمىمىيەت ئاساسىغا تايانغانلىقىنى كۆرىمىز.

---

① 30 - سۈرە، 21 - ئايەت.

② بۇخارى: «بابۇ ھۇسنۇ مۇئاشىرە».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى . بۇنى پۈتۈن ساھابىلار بىلگەنلىكتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ يېنىدا بولغان كېچىلەردە ئۇنىڭغا ھەدىيەلەرنى ئەۋەتەتتى[①] . پەيغەمبەرنىڭ باشقا ئاياللىرىنىڭ ئائىشەنىڭ بۇ ئەھۋالىغا كۈندەشلىكى كېلەتتى[②] . بىر كۈنى ئۇلار بىرلىشىپ ھەزرىتى ئائىشە نائىل بولغان ئىلتىپاتتىن ئۆزلىرىنىڭمۇ نېسىۋە ئېلىشىنى ئىستەيدىغانلىقىنى ھەزرىتى پاتىمەگە ئېيتىپ ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن . ھەزرىتى پاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزگەندى . بۇنىڭغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاتىمەگە : «قىزىم ، سەن مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ياخشى كۆرمەمسەن ؟» دېگەندى . پاتىمە ئاتىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئۇ-نىڭ ئاياللىرىغا يەتكۈزدى . ئۇلار پاتىمەنى تەكرار ئەۋەتمەكچى بولغاندى ، پاتىمە ئۇنىمىدى[③] . ئۇلار ئۇممۇ سەلەمەنى ئەۋەتتى . ئۇممۇ سەلەمە ناھايىتى ئېغىر - بېسىق ۋە تەمكىن ئايال ئىدى ، ئۇ مۇۋاپىق پۇرسەتنى تېپىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا : «ئۇممۇ سەلەمە ! ئائىشە ھەققىدە مېنىڭ كۆڭلۈمنى بۇزما ! چۈنكى ، ماڭا ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىدىن باشقا يەردە ۋەھيي نازىل بولمىغان» دېدى[④] .

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر يەردىن بىر تىزىق مارجان ئەۋەتىلدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «بۇنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمگە بېرىمەن» دېدى . ھەممەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ھەزرىتى ئائىشەگە بېرىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى ، لېكىن ئۇ زات بۇنى نەۋرىسى — ھەزرىتى زەينەپنىڭ قىزى

① بۇخارى : «بابۇت تەزۋىج» .
② «سەھىھۇلبۇخارى» : «فەزلۇ ئائىشە» .
③ «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇل ھەدايە» .
④ نەسەئى : «ھۇببۇر رەجۇلۇ بەدەنىسائىھ» .

www.uyghurkitap.com

ئۇمامەگە بەردى .

ئەمرۇ ئىبنى ئاس ، سەلاسىل جېڭىدىن قايتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن : «سىز دۇنيادا ھەممىدىن كىمنى ياخشى كۆرىسىز ؟ » دەپ سورىغانىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ، «ئائىشەنى » دېدى . ئەمرۇ : «ئەرلەر ئىچىدە كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى سورىدىم » دېگەنىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئائىشەنىڭ ئاتىسىنى ! » دېدى[1] .

بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر قىزى ھەفسە بىلەن سۆزلەشكەنىدە : «ھەرگىز ئائىشەدىن يامانلىغۇچى بولما ! كېيىن خىجالەت بولۇپ قالىسەن » دېگەنىدى[2] .

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جىنازىنى ئۇزىتىپ ئۆيگە كەلگىنىدە ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بېشى ئاغرىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ھەزرىتى ئائىشە ئاغرىققا چىدىماي : «ۋاي بېشىم ! ۋاي بېشىم ! » دەۋاتاتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ۋاي مېنىڭ بېشىم ! » دېدى . ئۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىنىڭ خەۋەرچىسى بولغان كېسەللىكلەر باشلانغانىدى[3] . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كۈنى ئائىلە ئەزالىرىدىن : «بۈگۈن كۈنگە نېمە ؟ » دەپ سورايتتى . بۇنىڭدىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا بارىدىغان كۈننى كۈتۈۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى[4] . شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ ، ئاخىرقى نەپەسىگىچە ئۇ يەردە تۇرۇپ ، ئائىشەنىڭ تىزلىرى ئۈستىدە جان ئۈزگەنىدى[5] .

---

① «سەھىھۇلبۇخارى » : «مەناقىبۇ ئەبۇ بەكىر » .
② «سەھىھۇلبۇخارى » : «خۇببۇر رەجۇل بەدەنىسائىھ » .
③ «سەھىھۇلبۇخارى » : «كىتابۇل مەرزا » .
④ «سەھىھۇلبۇخارى » : «مەجەئە فى قەبرىن نەبى » .
⑤ «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇ فەزلۇن نەبى » .

رەسۇلۇللا: «ئى رەببىم، قولۇمدىن كېلىشىچە ئادالەتنى (ئاياللىرىم ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنى) كۆتۈۋاتىمەن، لېكىن قۇدرىتىم سىرتىدىكى ئىشلاردا (ئائىشەنىڭ مۇھەببىتى ھەققىدە) سېنىڭ مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن» دەيتتى[1]. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەزىرىدە بۇنداق يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بەزىلەر ھەزرىتى ئائىشە ياش ۋە گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زىيادە ياخشى كۆرەتتى، دەپ قارايتتى. ھالبۇكى، بۇ قاراشنىڭ ھېچبىر ئاساسى يوق ئىدى. ھەدىس كىتابلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا سىرتقى گۈزەللىكلىرى تەرىپلەنگەنلەر زەينەپ، جۇۋەيرىيە ۋە سەفىيەلەر ئىدى. ئۇلارمۇ ياش ۋە كىشىلەر تەرىپلەيدىغان ئاياللار ئىدى. بۇ ھەقتە سىرەت (تەرجىمھال) ۋە ھەدىس كىتابلىرىدىن بىر - ئىككىسىدە سۆزلەنگەندىن تاشقىرى، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ گۈزەللىكى تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرمىدۇق. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ گۈزەللىكى مۇنداق سۆزلەر بىلەن تىلغا ئېلىنغان: ھەزرىتى ئۆمەر قىزى ھەفسەگە: «ھەفسە! ھەرگىز ئائىشەگە باھا بەرمە! ئۇ سەندىن چىرايلىق ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تەبەسسۇم قىلغانىدى. بۇ ھەدىستىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەنى ھەزرىتى ھەفسەدىن زىيادە ياخشى كۆرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشەگە كۆرسەتكەن مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خوتۇن ئېلىشتا ئايال كىشىنىڭ تۆت سۈپىتىگە، يەنى: پۇل - مېلى، شان - شەرىپى، ھۆسن - جامالى ۋە دىيانىتىگە قاراش كېرەك. دىيانەت-

---

① ئەبۇ داۋۇد: «بابۇل قەسەم بەينەز زەۋجات».

لىك خوتۇن ئالغىن . ئاللاھ سېنى ئۇز پەرزىنتلىرىدىن باي قىلىدۇ»
دېگەنىدى① . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئىچىدە دىنغا ئەڭ
كۆپ خىزمەت قىلغان ئايالنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى . ھەزرىتى
ئائىشە دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ، دىنىي ئەھكاملارنى ئېبسە-
دە تۇتۇش ، پىكىردە ئىجتىھاتچان بولۇش بىلەن باشقا ئاياللار
ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇراتتى . بۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى .
ئىبنى ھەزم «ئەل مىلەل ۋەن نىھەل» ناملىق ئەسىرىنىڭ «بابۇ
فەزلۇس ساھابە» دېگەن قىسمىدا بۇ نۇقتىنى تەتقىق قىلغان ۋە
ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئالىيجانابلىقى ۋە پەزىلىتىنى مىساللار بىلەن
كۆرسەتكەنىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاياللارنىڭ
ئەڭ يېتىلگىنى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ ۋە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ
گۈزەللىكى ۋەجىدىن ئەمەس ، مەنىۋى پەزىلىتى ۋە ئالىيجانابلىقى
ۋەجىدىن ئۇزى ئۇچۇن قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە مەنىۋى جە-
ھەتتە يېتىلگەنلەردىن ئائىشەدىن كېيىن تۇرىدىغىنى ھەزرىتى
ئۇممۇ سەلەمە ئىدى . ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا
باشقىچە قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە ئىدى . ھالبۇكى ، ئۇممۇ سەلەمە
ياشانغان ئايال ئىدى . ھەزرىتى خەدىچە 65 ياشتا ۋاپات بولغان
بولسىمۇ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرەت-
تىكى ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھ-
لانغان ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى
خەدىچەنى ياد ئەتكەنلىكىنى كۆرسە ، ئۇنىڭدىن قىزغىنىپ قالاتتى② .

بىر قېتىم ھەزرىتى ئائىشە ھەزرىتى خەدىچە ھەققىدە تەنقى-

① «سەھىھۇلمۇسلىم» : «كىتابۇل نىكاھ» .
② «سەھىھۇلبۇخارى» : «فەزلۇ خەدىچە» .

دىي تەرزدە گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە كايىغاندى[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگىنىدەك ، ئائىشەمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرەتتى . ھەزرىتى ئائىشە كېچىلىرى ئويغىنىپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېنىدا كۆرەلمىگىنىدە بىئارام بولاتتى . ئۇ بىر كېچىسى ئويغىنىپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۇجرىسىدا كۆرەلمىدى . ھۇجرىدا چىراغ يوق ئىدى[2] . ئائىشە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىزدەشتۇرۇپ ئۇنى سەجدە قىلىۋاتقان ، دۇئا قىلىۋاتقان ھالدا كۆرگەنىدى[3] . بۇ ۋەقە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغانىدى . ئائىشە ھەر قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ھالدا كۆرەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز يېنىدىن چىقىپ ، باشقا بىر ئايالىنىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەندە ناھايىتى پۇشايمان قىلىپ : «مەن نېمە ئويلاپ كەتتىم ، نېمىنى كۆردۈم !» دەيتتى[4] .

بىر كېچىسى بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ۋەقەنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنىدى : ئائىشە ئويغىنىپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېنىدا كۆرەلمىدى . ۋاقىت تۈن يېرىم بولغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە سىرتقا چىقىپ ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئىزدىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۇئا ۋە ئىستىغپار ئوقۇۋاتقان ھالدا كۆرۈپ ، دەرھال كەينىگە يېنىپ ھۇجرىسىغا كىردى . ھەزرىتى ئائىشە سەھەردە بۇ ۋەقەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ بەرگەندى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «شۇنداق ، بىر قارا نەرسىنى

---

[1] بۇخارى ، مۇسلىم : «فەزلۇ خەدىچە» .
[2] بۇخارى : «بابۇت تەتەۋۋۇ» .
[3] ئىمام مالىك : ئەل مۇۋەتتە : «بابۇ مەجائە فىددۇئا» .
[4] نەسەئى : «بابۇل غەيرە» ، «بابۇد دۇئائى فىس سۇجۇد» .

www.uyghurkitap.com

كۆرگەنىدىم . ئۇ سەنمىدىڭ ؟ » دېگەن[1] .

«ئىلائ ۋەقەسى »دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن بىر ئاي ئايرىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن قەسەم قىلغان چاغدا ، بارلىق ئاياللىرىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز سۆزىنى جەزمەن ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن كۆنلەرنى سانايتتى . «ئىلائ» مۇددىتى توشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئائىشەنىڭ يېنىغا كىرگەنىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ئەمىر ۋە ئاقساقاللارنىڭ قىزلىرىمۇ بار ئىدى . ئۇلار يوقسۇل ۋە كەمتەر تۇرمۇش شەكلىنى خالىماي ، ھەممە كىشىگە ئورتاق بولغان باياشاتچىلىقتىن نېسىۋە ئېلىشنى ئويلايتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بولغانلىقى بۇ ئاياللارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولسىمۇ ، ئۇلاردا يەنىلا يېتەرسىزلىكلەر كۆپ ئىدى . مۇسۇلمانلار ئېرىشكەن غەلىبىلەر ۋەجىدىن تېخىمۇ راھەت تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە بىرەر چوڭ ئۆزگىرىش يوق ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇلىرىنى ئېيتىشقان ۋە بۇ تەلەپلىرىدە چىڭ تۇرغانىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ بۇ تەرسالىقى ئۇنى شۇ قەدەر بىئارام قىلغانىدىكى ، بىر ئاي ئىچىدە ئۇلاردىن ئايرىم ياشاشنى ئارزۇ قىلغان ۋە بىر ھۇجرىغا كىرىۋېلىپ ، ئۇ يەردە بىر ئاي تەنھا تۇرغانىدى . بىر ئاينىڭ ئاخىرىدا «تەخيىر » (ئىختىيار ) ئايىتى نازىل بولدى . ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى : «ئى پەيغەمبەر ! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن ) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى ، ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يە-

---

① «كۇتۇبۇس سىتتە» : «بابۇ زىيارە تىل قۇبۇر» .

نى پاراۋان تۇرمۇشنى ) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى كۆزلىسەڭ-
لار ، كېلىڭلار ، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي ، سىلەرنى چىراي-
لىقچە قويۇپ بېرەي . ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەي-
غەمبىرىنى ، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار ، ئاللاھ ھە-
قىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى
(يەنى كۆز كۆرمىگەن ، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلى-
گە كەلمىگەن نازۇنېمەتلەر بار جەننەتنى ) تەييار قىلدى »[①] . بۇ
ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى دۇنيا مەئىشىتى
بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىقىدىن بىرىنى تاللىشىنى تەلەپ قىلغان-
لىقى ئۈچۈن «تەخيىر » (ئىختىيار ) ئايىتى دەپ ئاتالغا ئېلىنغان .
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئاۋۋال ھەزرىتى ئائىشەگە
ئوقۇپ بەرگەن . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن
بىللە ياشاشنى ئەۋزەل بىلگەن . كېيىن ئاياللىرىمۇ پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنى دۇنيانىڭ دەبدەبىلىرىدىن ئەلا بىلگەندى .

ئۇنىڭدىن كېيىن ، «ئىرجا » (كەينىگە سۈرۈش ) ئايىتى[②]
نازىل بولدى . «ئىرجا »دىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
خالىغان ئايالى بىلەن بىرگە بولۇپ ، خالىمىغىنىنىڭ نۆۋىتىنى
كەينىگە سۈرۈشى ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولىمۇ مەرھە-
مەت ۋە ھىممەت ۋەجىدىن ئاياللىرىدىن ھېچبىرىنى قويۇۋەتمىدى .
ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ : « ‹ئىرجا › ئايىتى نازىل بولغان-
دىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : ‹بۇ تاللاش ھوقۇقى ماڭا
بېرىلگەن بولسا ئىدى ، ھېچكىمنى سىزگە لايىق كۆرمەيتتىم ›
دېدىم »[③] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى مەمنۇن ۋە خۇش قىلىش

---

① 33 ـ سۈرە ، 28 ـ ، 29 ـ ئايەت .
② 33 ـ سۈرە ، 51 ـ ئايەت .
③ «مۇسنەدى ئەھمەد ».

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى. ئائىشەنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرۈشىدىن، ئوينىشىدىن مەمنۇن بولاتتى. ھەزرىتى ئائىشە ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ قىزىنى بېقىۋېلىپ چوڭ قىلغان ۋە بۇ قىزنى تالالىق قىلغانىدى. تويىنى ناھايىتى ئاددىي ئۆتكۈزگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تويغا كەلگىنىدە ئائىشەگە: «ئائىشە، نە ناخشا يوق، نە ناخشىچى!» دېگەنىدى①.

بىر ھېيت كۈنى بىر ھەبەش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان بىر يۈرۈش ئويۇنلارنى ئوينىغاندا، ھەزرىتى ئائىشە بۇنى تاماشا قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويۇن تۈگىگىچە ئۆرە تۇرۇپ ئۇنى كۈتكەن②.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايال قۇلنى باشلاپ كېلىپ، ئائىشەدىن: «بۇنى تونۇمسەن؟» دەپ سورىدى. ئائىشە «ياق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كىمنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغانلىقىنى، ئەگەر خالىسا ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتقۇزۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايال قۇل بىرنەچچە ناخشا ئېيتقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ناخشىنىڭ ئىچىدە شەيتان ساز چېلىۋاتىدۇ» دېگەن ۋە بۇ ئارقىلىق بۇنداق ناخشىلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى③.

بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن چۆچەكمۇ ئېيتاتتى ۋە ئاڭلايتتى. بىر كۈنى سۆز ئارىسىدا «خۇراپە» دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ ئادەم ئۇزرە قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇنى جىن - پەرىلەر ئەپقاچقان. ئۇ قايتىپ كەلگىنىدە

---

① بۇخارى: «كىتابۇن نىكاھ».
② «سەھىھۇلبۇخارى»: «بابۇ ھۇسنۇل مۇئاشەرە».
③ «مەسنەدى ئەھمەد».

جىن ـ پەرىلەر ئالىمىدە كۆرگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىنى كۆرسىلا ‹خۇرافە› دەيدۇ» دېگەنىدى .

ھەزرىتى ئائىشە بەزىدە چۆچەك ئېيتاتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئېيتقان چۆچەكنى ئاڭلايتتى . ئەگەر چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندا ئەزان ئېيتىلسا ، شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ نامازغا ماڭاتتى . ھەزرىتى ئائىشە : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چاغلاردا ماڭىمۇ قارىمايتتى» دەيدۇ .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشە بىلەن بىرگە تاماق يەيتتى . بىر كۈنى يەنە بىرگە غىزالىنىۋاتقاندا ھەزرىتى ئۆمەر كەلگەنىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ تاماققا تەكلىپ قىلدى[1] .

بىر قېتىم پېرسىيىلىك بىر قوشنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئائىشەمۇ بارامدۇ ؟» دەپ سورىدى . پېرسىيىلىك : «ياق» دېگەندە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۇنداقتا مەنمۇ بارمايمەن» دېدى . پېرسىيىلىك ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يەنە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە : «ئائىشەمۇ بارامدۇ ؟» دەپ سورىدى . پېرسىيىلىك قايتىپ كېتىپ ، بىرئازدىن كېيىن كەلگىنىدە : «ھەئە ، ئائىشەنىمۇ تەكلىپ قىلدۇق» دېگەنىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشە بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇزۇن سەپەرگە چىققىنىدا ھەممە ئاياللىرىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلالمايتتى . ئۇلاردىن بىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاش ئادالەت ۋە ئىنساپقا سىغمايدىغانلىقى ئۈچۈن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئەھۋاللاردا چەك تاشلاپ ، چەك

---

① بۇ ۋەقە «ھىجاب» ئايىتى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن .

www.uyghurkitap.com

ئايالللىرىدىن كىمگە چىقسا شۇنى بىرگە ئېلىپ چىقاتتى[1]. ھەزرىتى ئائىشە نۇرغۇن سەپەرلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغانىدى. بەنى مۇستەلىك جېڭىدە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغانلىقى تونۇشلۇق ئىدى. ھەدىس كىتابلىرىدا، ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغان باشقا بىر سەپەرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

بەنى مۇستەلىك سەپىرىدە ئىككى مۇھىم ۋەقە يۈز بەردى. بۇلارنىڭ ئىككىلىسى ھەزرىتى ئائىشە نامىغا غۇرۇر ئاتا قىلىدىغان ۋەقەلەر ئىدى. بىرى تەيەممۇمغا دائىر، يەنە بىرى مەسۇم ۋە ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغداشقا دائىر ئەھكاملارنىڭ تەبلىغى بولغان بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە ئالدىمىزدا توختىلىمىز. بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ھەزرىتى ئائىشە ھۇدەيبىيە سەپىرىدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغانىدى. ۋىدالىشىش ھەججىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولغان ئاياللىرى ئارىسىدا ھەزرىتى ئائىشەمۇ بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتقا مىنىش، ئوقيا ئېتىشتەك تەنھەرىكەتلەرنى ياخشى كۆرەتتى. يۈتۈن دوستلىرىنى بۇنىڭغا تەۋسىيە قىلاتتى. ھەزرىتى ئائىشە بىر جەڭدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىدا كېتىۋاتقان ساھابىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشە بىلەن بىرگە يۈگۈرگەن. ئائىشە يېنىك بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئەر ـ خوتۇن يەنە مۇسابىقىلەشكەن، لېكىن، بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالىنى كەينىدە قالدۇرغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمىشە ھەزرىتى خەدىچەنى خەيرلىك بىلەن ياد ئېتىشى، ھەر دائىم ئۇنى خاتىرىلىشىدىن

---

① «سەھىھۇلبۇخارى»: «بابۇل قۇرئە بەينەن نىسا».

قىزغانغان ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : «ئى رە-
سۇلۇللا ، بۇ قېرى خوتۇننى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرىدىكەنسىز .
جانابىي ھەق سىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر ئايال بەردىغۇ» دېگە-
نىدى[1] . بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا سەۋەب
بولغان كېسەللىك يېڭى باشلانغان چاغلىرىدا ، ھەزرىتى ئائىشە-
نىڭ بېشى ئاغرىغانىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئاھ ئائىشە ،
سەن مەندىن ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتسەڭ ، مەن سېنى ئۆز قولۇم بىلەن
يۇيۇپ كېپەنلىسەم ۋە ساڭا دۇئا قىلسام !» دېگەندە ، ھەزرىتى
ئائىشە : «ماقۇل ، مەن ئۆلۈپ كېتەي ـ دە ، سىز مېنىڭ ھۇج-
رامغا يېڭى بىر ئايال ئېلىپ كىرىڭ !» دېدى . بۇنىڭغا پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ قويغانىدى[2] .

بىر قېتىم ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا بىر ئۇرۇش
ئەسىرى ئېلىپ كېلىنگەنىدى . ئەسىر ھەزرىتى ئائىشەنىڭ
ئاياللار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەت-
كەن . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ ، ئۇنىڭ
قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خاپا بولغان ھالدا : «ئائىشە ، قو-
لۇڭ سۇنسۇن !» دېگەن . كېيىن بۇ ئەسىرنى تۇتۇپ كېلىشنى
ئەمىر قىلىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرگەن-
نىدە ، ئائىشە ئىككى قولىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈۋاتاتتى . پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ : «ساراڭ بولدۇڭمۇ ؟» دېگەندە ،
ھەزرىتى ئائىشە : «مېنى قارغىۋەتتىڭىز ، قايسى قولۇم سۇندى-
كىن دەپ ئۇنىڭغا قاراۋاتىمەن !» دەپ جاۋاب بەرگەن ، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ :
«ئى ئاللاھ ! «ئىنسانمەن ، ئىنسانلاردەك غەزەپلەندىم . ئى ، ئال-
لاھ ! قايسى مۆمىننى قارغىغان بولسام بۇ قارغىشىم ئۇنىڭ

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «فەزلۇ خەدىچە» .
② «سەھىھۇلبۇخارى» : «كىتابۇل مەرزە» .

ھەققىدە خەيرلىك دۇئا بولسۇن !» دېگەنىدى .

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئائىشە ، سېنىڭ غەزەپلەنگەن ياكى ئاچچىقىڭ بېسىلىپ قالغان ۋاقىتلىرىڭنى شۇئان بىلىۋالىمەن . خاپا بولساڭلا : ‹ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ··· › دەيسەن ، ئاچچىقىڭ يېنىپ قالغاندا ، ‹مۇھەممەدنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ··· › دەيسەن» دېگەنىدى ، ھەزرىتى ئائىشە : «ئى رەسۇلۇللا ، كۆڭۈلدىن شۇنداق تۆكۈلىدۇ» دېدى[1] .

ھەزرىتى ئائىشە يېنىدا خىزمەتچىسى بولمىغان چاغدا پۈتۈن ئىشلارنى ئۆزى قىلاتتى . خېمىر يۇغۇرۇپ نان ياقاتتى ، تاماق ئېتەتتى ، ئورۇن سالاتتى ، ئۆيگە كىرەكلىك سۇ توشۇيتتى ، قۇربانلىق قىلىپ سويۇلغان تۆگىنىڭ گۆشىنى تارقىتاتتى . شۇنىڭدەك ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنى يۇيۇپ ، چېچىنى تاراپ قوياتتى ، ئۇنىڭغا مۇئەتتەر سۇركەيتتى ، كىرلىرىنى يۇياتتى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياتقاندا بېشىغا سۇ ۋە مىسۋاك قويۇپ قوياتتى . مىسۋاكنى ھەمىشە پاكىز تۇتاتتى . ئۆيگە مېھمان كەلگەندە مېھماننى كۈتەتتى .

سۇففە ساھابىلىرىدىن بولغان قەيس غەفارى مۇنداق دەيدۇ : بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا : «يۈر ، ئائىشەنىڭ ئۆيىگە بارايلى» دېدى . بىرگــە بېرىپ ھــۇجــرىغا كىرگىنىمىزدە : «ئائىشە ، بىزگە تاماق تەييارلا» دەپ بۇيرۇدى ، ئائىشە بىزگە تاماق ئېلىپ كەلدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە تاماق سورىغاندى ، ئائىشە يەنە كەلتۈردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە تەلەپ قىلغاندا ، ئائىشە بىر چاناقتا سۈت ، كەينىدىن بىر چىنە سۇ ئېلىپ كەلدى[2] .

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «يابۇ مايە جۇزۇ مىنەل ھىجران» .
② ئەبۇ داۋۇد : «كىتابۇل ئەدەپ» .

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تامامەن باغلانغا-
نىدى . ئەگەر رەسۇلۇللانىڭ ئۆزىنىڭ بىرەر سۆزىدىن خاپا بولىدى-
غانلىقىنى ھېس قىلسا ، ئۇ سۆزنى قىلمايتتى .
بىر كۈنى ساھابىلاردىن بىرى توي زىياپىتى بەردى ، لې-
كىن ، ساھابىنىڭ ئۆيىدە يەيدىغان نەرسە قالمىغانىدى . پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا : «ئائىشەدىن ئېلىپ كەل» دېدى . بۇ زات
ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا بارغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە ئۆيدە بارىنى
بەرسە ، كەچلىك تاماققا بىر نەرسە قالمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ،
ئىككىلەنمەي بەرگەنىدى[1] .
بۇ جەھەتتە ھەزرىتى ئائىشەگە ئوخشايدىغان ئاياللار كۆپ
دېيىشكە بولىدۇ . لېكىن ، ھەزرىتى ئائىشەنى باشقىچە قىلغان
ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كې-
يىنمۇ ئۇنىڭ ئەمىرلىرىگە ئىتائەت قىلغانلىقى ، ئۇنىڭ تەلىماتىغا
رىئايە قىلغانلىقى ئىدى . مەسىلەن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
ھەزرىتى ئائىشەگە مەرد بولۇشنى بۇيرۇغانىدى ، ئائىشە ئالەمدىن
ئۆتكۈچە بۇنىڭدىن قايتمىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجنىڭ
ئاياللار ئۈچۈن جىھاد بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى ، ھەزرىتى ئا-
ئىشە ھەجنى داۋاملاشتۇردى . بىر قېتىم ھەزرىتى ئائىشە ئەرافات
كۈنى روزا تۇتقانىدى . ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى . بېشىغا سۇ
قۇيۇشقا باشلىدى . بىرەيلەن ئۇنىڭغا روزىسىنى بۇزۇۋېتىش تەك-
لىپىنى بەرگەنىدى ، ئائىشە : «ياق» دېدى . چۈنكى ، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام : «ئەرافات كۈنى تۇتۇلغان روزا بىر يىللىق گۇناھ-
قا كەپپارەت بولىدۇ» دېگەنىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتى-
گەندىن چۈشكىچە ئارىلىقتا ناماز ئوقۇيتتى . ھەزرىتى ئائىشەمۇ
نامازنى داۋاملاشتۇرغان ۋە : «ئاتام كېلىپ مېنى نامازدىن توسى-
سا ، ئۇنىڭ سۆزىنىمۇ ئاڭلىمايمەن» دېگەنىدى . بىر ئايال ھەزرى-

---

① «مۇسنەدى ئىبنى ھەنبەل» .

تى ئائىشەنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاچقا خىنە سۈركەشنىڭ دۇ-
رۇس بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ رەڭگىنى ياقتۇرسىمۇ پۇرىقى-
نى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ، خىنە سۈركەشنىڭ ھارام ئەمەس-
لىكىنى ئېيتقانىدى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسى پەيغەمبەرنىڭ مەخسۇس ئا-
رامگاھى ئىدى . بۇ يەردە بايلىقتىن ، باياشاتلىقتىن ئەسەر يوق
ئىدى . ئەسلىدە بۇ ئۆي مال - مۈلۈككە موھتاج ئەمەس ئىدى .
بىز ھازىرغىچە بەرگەن مەلۇماتلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ پاك
ھۇجرا ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتنى ئويلاپ كۆرۈڭلار . كۆرىسىلەركى ،
ئۇ يەردە ھۆكۈم سۈرگەن مۇقەددەس ھاۋا دۇنياۋى خىرىسلارنىڭ
ئۈستىدە ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە كەلگىنىدە : «ئا-
دەم بالىسىنىڭ ئىككى جىلغىدا لىق تولغان مال - دۇنياسى
بولسىمۇ ، ئۈچىنچى جىلغىغا ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ . ئىنساننىڭ
ئاغزىنى پەقەت تۇپراق تولدۇرىدۇ . جانابىي ھەق مال - دۇنيانى
پەقەت ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بېرىش ئۈچۈن ئېھسان قىلغان ،
جانابىي ھەق توۋا قىلغۇچىنىڭ توۋىسىنى قوبۇل قىلىدۇ . »
دەيتتى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ھەمىشە تەكرارلايت-
تى . ئۇنىڭ بۇ سۆزنى تەكرارلىشىدىن مەقسىتى پۈتۈن ئائىلىسى-
گە مال - دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش
ئىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇغاندىن كې-
يىن ، ھۇجرىسىغا كىرىپ ، مىسۋاك بىلەن چىشلىرىنى يۇيۇپلا
ياتاتتى . ئاندىن يەنە ئويغىنىپ ، تۈن يېرىمىدىن كېيىن ئائىشەنى
ئويغىتاتتى . ھەزرىتى ئائىشەمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، پەيغەمبەر ئە-
لەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيتتى . ئىككىسى ۋىتىر نامىزى-
نى بىرگە ئوقۇيتتى . تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا پەيغەمبەر ئەلەي-

ھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ ، بىردەم يېتىپ ئائىشە بىلەن پاراڭلىشاتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە چىقاتتى . بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئائىشە سەھەرگىچە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام بولاتتى . ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇيتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننىڭ «بەقەرە» ، «ئال ئىمران» ۋە «نىسا» سۈرىلىرىدەك ئەڭ ئۇزۇن سۈرىلىرىنى ئوقۇيتتى . قورقۇنچ ۋە ئۈمىد ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا ئاللاھقا يىلىنىپ مەغپىرەت تىلەيتتى . رەھمەت ۋە خۇش خەۋەر ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا جۇشقۇنلىنىپ ، جانابىي ھەق خۇش خەۋەر بەرگەن رەھمەت ۋە نېمەتنىڭ داۋاملىشىشىنى تىلەيتتى . بۇ ئىبادەت سەھەرگىچە داۋاملىشاتتى . پەۋقۇلئاددە ۋاقىتلاردا كۈن ۋە ئاي تۇتۇلغان چاغلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇراتتى . ھەزرىتى ئائىشەمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇيتتى . ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە بولسا ، ھەزرىتى ئائىشە ئۆز ھۇجرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ئوقۇيتتى[1] .

ھەزرىتى ئائىشە بەش ۋاق ناماز ۋە تەھەججۇد نامىزىدىن باشقا ، زۇھا (ئەتىگەندىن چۈشكىچە بولغان ۋاقىت) نامىزىنىمۇ ئوقۇيتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە روزا تۇتاتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرلىرىدا ئېتىكاپقا كىرگەندە ھەزرىتى ئائىشەمۇ ئېتىكاپقا كىرىپ ، مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چېدىر قۇراتتى . بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىدىن كېيىن بۇ چېدىرغا كېلەتتى[2] .

ھەزرىتى ئائىشە ھىجرەتنىڭ 11 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ ، ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلىشقا نىيەت

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «سالاتۇل كۇسۇف» .
② «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇ ئېتىكافىن نىسا» .

قىلغانىدى ، لېكىن ، ئاياللارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللىرىدىن كېلىپ چىققان سەۋەب تۈپەيلى ھەجنى مۇكەممەل ئادا قىلالمىغان ۋە بۇنىڭغا ناھايىتى بىئارام بولغانىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن ، ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرۇۋالالايدىغانلىقىنى ئۆگەتكەنىدى . ھەزرىتى ئائىشە كەنجى قېرىندىشى ئابدۇل رەھمان بىلەن بىرگە كېلىپ ھەجنى تاماملىغانىدى[①] .

بۇ تەپسىرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىلى ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر جەھەتتىن يار - يۆلەك ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر جەھەتتە ئۆزىگە ئەمىر قىلغان ۋە ئۆگەتكەنلىرى دائىرىسىدە ئىش تۇتاتتى . ئۇ تەقۋادار بولغانلىقتىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سادىق ، ئەڭ پىداكار ۋە ئەڭ سەمىمىي دوستى ئىدى . بۇ ئىككىيلەن ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت ، ئىجىل - ئىناقلىق ، سەمىمىيەت ، گۈزەل تۇرمۇش ، ئېغىر - بېسىقلىق ۋە پاكلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر نەمۇنىدۇر .

---

① بۇخارى : «كىتابۇل ھەج» .

# يەتتىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچەدىن كېيىن، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ھەر خىل ۋاقىتلاردا ئون ئايالنى نىكاھىغا ئالغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۇمموئل مەساكىن» (يوقسۇللارنىڭ ئانىسى) نامى بىلەن تونۇلغان ھەزرىتى زەينەپ ھىجرەتنىڭ 3 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلانغاندىن كېيىن، پەقەت ئىككى - ئۈچ ئايچە ياشىغانىدى. باشقا ئاياللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغىچە ھەمراھ بولدى. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھاياتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاچان نىكاھلانغانلىقىنى كۆرسىتىمىز:

1. ھەزرىتى سەۋدە بىنتى زەمئە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ 11 - يىلى نىكاھلانغان.

2. ھەزرىتى ھەفسە: ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھىجرەتنىڭ 3 - يىلى نىكاھلانغان.

3. ھەزرىتى ئۇمموۋ سەلەمە: ھىجرەتنىڭ 4 - يىلى نىكاھلانغان.

4. جۇۋەيرىيە: بەنى مۇستەلىك قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ قىزى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلانغان ۋاقتى ھىجـ

www.uyghurkitap.com

رەتنىڭ 5 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

5 . ھەزرىتى زەينەپ بىنتى جەھش : قۇرەيشلەردىن بولۇپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھىجرەتنىڭ 5 ـ يىلى نىكاھلانغان .

6 . ھەزرىتى ئۇممۇ ھەبىبە : ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزى بولۇپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلانغان ۋاقتى ھىجرەتنىڭ 6 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

7 . ھەزرىتى مەيمۇنە : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھىجرەتنىڭ 7 ـ يىلى نىكاھلانغان .

8 . ھەزرىتى سەفىيە : خەيبەر ئاقساقىلىنىڭ قىزى بولۇپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھىجرەتنىڭ 7 ـ يىلى نىكاھلانغان .

## ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى خەدىچە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەنى نىكاھىغا ئالغان چاغدا ، ھەزرىتى خەدىچە ۋاپات بولۇپ كەتكەنىدى . لېكىن ، ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە ھەر دائىم يادلىنىپ تۇراتتى . ھەزرىتى ئائىشە : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچەنى دائىم ئەسلەپ تۇراتتى . ھېچكىمنى ئۇنىڭدەك ياد ئەتمەيتتى . مەن ئۇنىڭ ھەزرىتى خەدىچەنى بۇقەدەر ئەسلىشىدىن قىزغىناتتىم ، ئەمما باشقا ئاياللىرىدىن قىزغانمايتتىم .» دەيدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچەنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇرغىنىدەك ، ھەر يىلى ئۇنىڭ نامىغا بىر مالنى قۇربانلىق قىلىپ ، گۆشىنى خەدىچەنىڭ تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىغا ئەۋەتەتتى . ھەزرىتى ئائىشە «خەدىچەتۇل كۇبرا» ئېرىشكەن يۇقىرى ۋە شەرەپلىك ئورۇننى ئېتىراپ قىلاتتى ۋە : «جانابىي ھەق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭغا جەننەتتىن خۇش خەۋەر بەرگەن» دەيتتى[1] .

ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ھەزرىتى خەدىچەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق ياردەم قىلغانلىقى ، ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بەرگەنلىكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇچرىغان ھەربىر ئەزىيەت ۋە ھەربىر ئېغىرچىلىقتا ئۇنىڭغا قانداق يار ـ يۆلەك بولغانلىقى ، ئۇنىڭ بىلەن ھەربىر قىيىنچىلىقلارغا قانداق ھەمـدەم بولغانلىـقى ھەزرەتـى ئائىشە تەرىپـىدىن رىۋايەت قىلىنغانىدى .

## ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى سەۋدە

ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى سەۋدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر يىل ئىچىدە نىكاھلانغانىدى . لېكىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تويى ئۈچ يىل كېيىن بولغانلىقتىن ، بۇ چاغلاردا سەۋدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىنبىر ئايىلى ئىدى . ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، ئۇ يەردە سەۋدە بىلەن ئۇچراشتى . ئىككى ئايال ئارىسىدا ياخشى بىرلىك بارلىقتا كەلگەنىدى . ھەزرىتى ئائىشە ئۆيگە دائىر ھەممە ئىشلاردا سەۋدە بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوستانە ئۆتكەنىدى[2] . ھەزرىتى سەۋدە ئائىشەنى شۇقەدەر ياخشى كۆرەتتىكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشىنى خالايتتى ۋە ئۆز ھەققىنى ئائىشەگە ئۆتۈنەتتى[3] .

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «فەزلۇ خەدىچە» .
② «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇل ھەدايە» .
③ «سەھىھۇلبۇخارى» ۋە «سەھىھۇلمۇسلىم» : «كىتابۇن نىكاھ» .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى ھەفسە

ھەزرىتى ھەفسە بىلەن ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بولۇپ، ھەزرىتى ھەفسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىدا دەل سەككىز يىل ياشىدى. ئائىشە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ، ھەفسە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى ئىدى. ئائىشە بىلەن ھەفسە ئارىسىدا تولۇق پىكىر بىرلىكى بار ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئۆيلىرىگە دائىر ئىشلاردا ئورتاق ئىش تۇتاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرەتتى.

## ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە

ھەزرىتى ئائىشەدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئاياللىرى ئىچىدە چۈشىنىش ۋە شەرھلەش قابىلىيىتى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئايال ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە ئىدى.

ئۇممۇ سەلەمەنىڭ فىقھىي ئەھكاملارنى چۈشىنىش ۋە پەتىۋا بېرىشتە ئېرىشكەن ئورنى ھەزرىتى ئائىشەدىن قالسىلا ئالاھىدە ئىدى. ئۇممۇ سەلەمە ياشانغان ئايال بولۇشى ۋە ئۇستۇن قابىلىيىتى ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە ئارىسىدا بىرەر ئىختىلاپ يۈز بەرمىگەنىدى. پەقەت بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ يېنىدىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭغا نۇرغۇن ھەدىيىلەرنىڭ كېلىدى-

غانلىقىغا بىئارام بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەردە بول-
سا ھەدىيىلەرنىڭمۇ شۇ يەرگە كېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىشقانى-
دى . ئۇلار ئۇممۇ سەلەمەدىنمۇ بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا
ئېيتىشنى تەلەپ قىلغان ، ئۇممۇ سەلەمە بۇ سۆزلەرنى پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامغا غەيرەت قىلىپ ئېيتقانىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىس-
سالام بىلەن ئائىشە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان . پەيغەمبەر ئەلەيھىس-
سالام ئۇممۇ سەلەمەگە جاۋاب بەرگەندە ، ئائىشە زۇۋان سۈرمىگەن
ۋە ئۇممۇ سەلەمەنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلغىنىغا ھېچقانداق ئىنكاس
قايتۇرمىغانىدى .

## ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى جۇۋەيرىيە

ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى جۇۋەيرىيە ئارىسىدا بىرەر
ئىختىلاپ تىلغا ئېلىنغان ئەمەس . ئائىشە جۇۋەيرىيەنى دەسلەپ كۆر-
گىنىدە ئۇنىڭ گۈزەل ئايال ئىكەنلىكىدىن بىرئاز ئەندىشە قىلغان ،
لېكىن ، ئۇزۇن ئۆتمەي خاتالاشقانلىقىنى چۈشەنگەنىدى . چۈنكى ،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا چىراي گۈزەللىكىنىڭ ئەمەس ،
مەنىۋى قىممەتنىڭ تېخىمۇ ئىناۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى .

## ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى زەينەپ

ھەزرىتى زەينەپ بىنتى جەھش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
ھاممىسىنىڭ قىزى ئىدى . زەينەپ بىرئاز مەغرۇر ۋە ئىنتائەتسىز-
راق ئايال ئىدى . دەسلەپكى ئېرىدىن شۇ سەۋەبتىن ئايرىلىپ
كەتكەنىدى . ئۇ تۇغقانچىلىق جەھەتتىن باشقا ئاياللارغا قارىغاندا

www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ يېقىن ئىدى . شۇ سەۋەبتىن زەينەپ ئۆزىنى باشقا ئاياللارنىڭ ھەممىسىدىن ئارتۇق ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا لايىق كۆرەتتى . ھەزرىتى ئائىشە پەقەت ئۇنىڭ ئۆز ئورنىنى ناھايىتى چوڭ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . پەيغەمبەر ئاياللىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەدىيە مەسىلىسىدە ئۇممۇ سەلەمە بىلەن بىرگە زەينەپنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنىدى . زەينەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ يېنىدىكى چاغدا يېنىغا كىرىپ ، ئېيتىشقا تېگىشلىك سۆزلەرنى ئېيتقان . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ رۇخسەت سورىغاندىن كېيىن ، زەينەپنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدىغان جاۋابنى بەرگەنىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن : «ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزىدە بۇ !» دېگەنىدى[①] .

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى زەينەپ ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەپنى نىكاھىغا ئالغان چاغدا ، ئائىشە زەينەپنى تەبرىكلىگەنىدى[②] . مۇناپىقلار ھەزرىتى ئائىشەگە بوھتان چاپلىغان ، زەينەپنىڭ سىڭلىسى ھەمنە بوھتانچىلارغا قوشۇلغان چاغدا ، زەينەپ ھەق ۋە ھەقىقەتتىن زادى ئايرىلمىغان ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئائىشە ھەققىدە نېمە ئويلىغانلىقىنى سورىغاندا : «ئۇنىڭ ياخشىلىقىنىلا بىلىمەن» دېگەنىدى[③] . ئائىشەمۇ زەينەپنىڭ ئەخلاقىي يۈكسەكلىكى ، تەقۋادار ۋە ياخشىلىقىنى ھەر دائىم تەقدىرلەيتتى[④] . بىر قېتىم زەينەپ ھەزرىتى سەفىيەنى : «يەھۇدىي !» دېگەنىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خاپا بولغان ۋە ئىككى ئاي ئۇنى تاشلىۋەتكەنىدى . ئاخىر ھەزرىتى

---

① «سەھىھۇلمۇسلىم» : «فەزلۇ ئائىشە» .
② «سەھىھۇلبۇخارى» : «تەفسىرۇ لاتەدخۇلۇبۇيۇتەن نەبى» .
③ «سەھىھۇلبۇخارى» : «قىسسەتۇل ئىفك» .
④ «سەھىھۇلبۇخارى» : «قىسسەتۇل ئىفك» .

ئائىشە ئارىغا كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەچۈرۈشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ زات زەينەپنى ئەپۇ قىلغانىدى. ئائىشە زەينەپ ھەققىدە: «مەن زەينەپتىنمۇ دىندار، دورۇس، مەرد ۋە ئاللاھنىڭ رىزاسىنى ئىلىشقا قىزىقىدىغان بىرىنى كۆرمىدىم» دەيدۇ. زەينەپ بىرئاز ئىنچىكە ئىدى. لېكىن، ئىنچىكىلىكى ۋەجىدىن قىلغان ئىشىدىن شۇئان پۇشايمان قىلاتتى[1].

## ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى ئۇممۇ ھەبىبە

ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى ئۇممۇ ھەبىبە ئارىسىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنلىككە دائىر بىرەر رىۋايەت يوق. «تەبەقات»تا ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان ۋاقىتتا ئائىشەنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: «بىر ئائىلىدىكىلەر ئارىسىدا قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئىش بولۇپ قالىدۇ، شۇنداق ئىش بولغان بولسا ئاللاھ ئىككىلىمىزنى مەغپىرەت قىلغاي» دېگەنلىكى، بۇنىڭغا جاۋابەن ئائىشەنىڭ: «ئاللاھ ھەممىمىزنى مەغپىرەت قىلغاي» دېگەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

## ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى مەيمۇنە

ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى مەيمۇنە ئارىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق ئىدى. ئائىشە ئۇنىڭ ۋاپاتىدا: «ئىچىمىزدە بۇنىڭ-

[1] «سەھىھۇلمۇسلىم»: «بابۇ فەزلۇ ئائىشە».

دەك تەقۋادار بىرى يوق ئىدى» دېگەنىدى .

## ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەزرىتى سەفىيە

ھەزرىتى سەفىيە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پەقەت ئۈچ يىللا ئۆي تۇتتى . ھەزرىتى ئائىشە سەفىيەنىڭ بىرمۇنچە پەزىلەتلىرىنى تىلغا ئالىدۇ . ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ ئائىشە بىلەن سەفىيە ئارىسىدا مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ :

ئائىشە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاماق ئېتىۋاتقاندا ، سەفىيە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قاچىدا تاماق كىرگۈزگەنىدى ، ئائىشە ھەزرىتى سەفىيەنىڭ تاماقتا ئۇستىلىقىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ بىكار ئاۋارە بولغانلىقىنى ئويلاپ خاپا بولۇپ ، سەفىيە كىرگۈزگەن تاماقنى يەرگە تاشلىۋەتكەن ، تاماق قاچىسىمۇ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەنىدى . بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئائىشە قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ، رەسۇلۇللادىن سەۋەنلىكىنى قانداق ئورنىغا كەلتۈرۈشنى سورىغاندا ، رەسۇلۇللا : «شۇنداق بىر قاچا ۋە شۇنداق بىر تاماق !» دېگەن ۋە يېڭى بىر قاچا ئېلىپ ھەزرىتى سەفىيەگە كىرگۈزۈپ بەرگەنىدى .

بىر ئەرنىڭ بىردىن ئارتۇق ئايلى بولسا ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەمىمىيەت ۋە مۇھەببەتنى تېپىش قىيىنغا توختايدۇ . لېكىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيى بىرەر ئىختىلاپ ۋە غوۋغا ئورنى ئەمەس ، گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى مۇئامىلە دەۋران سۈرگەن بىر ئوچاق ئىدى . بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن پۈتۈن مىساللار «كۇتۇبى سىتتە»دىن ئېلىنغان .

تىرمىزى نەقىل كەلتۈرگەن بىر رىۋايەتتە ، بىر قېتىم پەي-

غەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى سەفىيەنى يىغلاۋاتقان ھالدا كۆ-
رۈپ ، سەۋەبىنى سورىغاندا ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : «ئا-
ئىشە بىلەن ھەفسەنىڭ : ‹بىز رەسۇلۇللانىڭ نەزىرىدە ناھايىتى
قەدىرلىك . چۈنكى ، ئۇنىڭ ھەم ئايلى ھەم تۇغقىنى بولى-
مىز ›» دېگەنلىكىنى ئېيتقان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىيە-
گە تەسەللى بەرگەن ، ئاندىن ئۇنىڭغا : «سەن نېمىشقا ئۇلارغا
جاۋابەن : ‹سىلەر قانداقچە مەندىنمۇ قەدىرلىك بولالايسىلەر › دې-
مىدىڭ» دەپ تەسەللى بەرگەندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ھەزرىتى ئائىشە

ھەزرىتى ئائىشە ھەزرىتى خەدىچەدىن تۇغۇلغان تۆت بالىغا ئانا بولغانىدى. بۇلار زەينەپ، رۇقىييە، ئۇممۇ كۇلسۇم، پاتىمەلەر ئىدى. زەينەپ، رۇقىييە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇملەر ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلانماستا ياتلىق بولۇپ كەتكەن، رۇقىييە ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلى، زەينەپ 8 ـ يىلى، ئۇممۇ كۇلسۇم 9 ـ يىلى ۋاپات بولغانىدى. ھەزرىتى ئائىشە بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىگەنىدى.

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنۇ ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «مېنىڭ شەپقەت قۇچىقىمدىن تارتتۇۋېلىنغان قىزىم — ياخشى قىزىم ئىدى». بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېھىت بولغان قىزى ھەزرىتى زەينەپنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەپنىڭ قىزى يەنى نەۋرىسى ئۇمامەنىمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى مەسچىتكە ئېلىپ كىرىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ناماز ئوقۇيتتى.

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىن بولۇپ كەلگەندە پاتىمە تېخى ياتلىق بولمىغانىدى. ئائىشەدىن بىر يىل كېيىن پاتىمە ھەزرىتى ئەلىگە نىكاھلاندى. ئائىشە پاتىمەنىڭ توي تەييارلىقىغا قاتنىشىپ، توي تاماقلىرىنى ھازىرلىغان. ھەز-

رىتى ئائىشەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پاتىمەنىڭ تويى ئۇ چاغدا قىلىنغان تويلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىدى. پاتىمە تويىدىن كېيىن ئولتۇرغان ئۆي ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا تام قوشنا ئىدى. ئىككى ئۆيىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دېرىزە بار ئىدى. ئائىشە بىلەن پاتىمە بۇ دېرىزىدە بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشەتتى.

ھېچبىر ھەدىس كىتابى ھەزرىتى ئائىشە بىلەن پاتىمە ئارىسىدا بىرەر ئىختىلاپ ياكى تالاش - تارتىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالمايدۇ. پۈتۈن ھەدىس كىتابلىرى ئائىشە بىلەن پاتىمەنىڭ ناھايىتى ئىجىل ئۆتكەنلىكىنى، ئىككىيلەن ئارىسىدا مۇھەببەت ۋە سەمىمىيەتنىڭ مەھكەم ئورنىتىلغانلىقىنى قوللايدۇ. ھەزرىتى ئائىشە پاتىمە ھەققىدە: «رەسۇلۇللادىن كېيىن پاتىمەدەك بىر ياخشى ئىنساننى كۆرمىدىم» دېگەنىدى. بىر كۈنى ئۆمرىدە پەيغەمبەرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بىر كىشى ھەزرىتى ئائىشەدىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممىدىن كىمنى ياخشى كۆرەتتى؟» دەپ سورىغانىدى، ئائىشە «پاتىمەنى!» دېگەن. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاغا پاتىمەدەك يېقىن بىرەيلەن يوق ئىدى. پاتىمە كەلگەن چاغدا رەسۇلۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالاتتى، پېشانىسىگە سۆيەتتى ئاندىن ئۇنى تىزىغا ئولتۇرغۇزاتتى»[①].

ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پۈتۈن ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدۇق. بىز ئولتۇرغاندا پاتىمە كەلدى. پاتىمەنىڭ پۈتۈن ھەرىكەت ۋە قىياپىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاتىمەنى چاقىرىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىغانىدى، پاتىمەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيـ

① جامىئى تىرمىزى: «بابۇل مەناقىب».

www.uyghurkitap.com

ھىسسالام پاتىمەنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر نىمە دەپ پىچىرلىغانىدى، ئۇ تەبەسسۇم قىلدى. ئۇ چاغدا پاتىمەدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. لېكىن، دېگىلى ئۇنىمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، پاتىمەدىن يەنە بىر قېتىم سورىۋېدىم، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ‹ئاتام دەسلەپ كېسىلى ۋەجىدىن ۋاپات بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى؛ كېيىن ماڭا ئائىلىسى ئىچىدە ئاخىرەتتە ئۆزى بىلەن دەسلەپ بىللە بولىدىغان مەن ئىكەنلىكىمدىن خەۋەر بەرگەنىدى، ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولدۇم›».

بۇ ھەدىس ئائىشە بىلەن پاتىمەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ناھايىتى ياخشى ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

# توققۇزىنچى باب

## بوھتان ۋەقەسى

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن ئۇچرىغان قىيىنچى-لىقلار، مەككىدە بېشىغا كەلگەن پالاكەتلەر بىلەن بىر ماھىيەتتە ئەمەس ئىدى. مەدىنىدە مۇناپىقلاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇھ ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئۇلارنىڭ ئىشى ئىسلام دىنىغا قارشى پائا-لىيەتلەردە بولۇش ئىدى. مۇناپىقلارنىڭ ئىسلامغا قارشى دۈشمەن-لىكلىرى ئەڭ رەزىل ۋە ئەڭ پاجىئەلىك دۈشمەنلىك ئىدى. چۈنكى ئۇلار دوست سىياقىدا كۆرۈنگەن، لېكىن، ئىچ - ئىچى-دىن پەسكەش ھۇجۇملاردا بولغان كىشىلەر ئىدى. ئىسلام دىنى مەدىنىدە ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ سەمىمىي نۇرغۇن دوستلارنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشكىنىدەك، ئۇ يەردە ئەڭ رىياكار ۋە ئەڭ رە-ھىمسىز دۈشمەنلەرگىمۇ يولۇققانىدى. مۇناپىقلارنىڭ ھۇجۇم نى-شانى مۇسۇلمانلارنىڭ شان - شەرەپ ۋە قەدىر - قىممىتى ئىدى. مۇناپىقلار مۇسۇلمان جەمەتلەر ئىچىدە كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قى-لىش ئۈچۈن پىتنە - ئىغۋالار تارقىتىپ، بۇ ئىغۋالار بىلەن ئوچاقلارنى ئۆچۈرگەندەك پەسكەش مەقسەتلەرنى كۆتۈشەتتى. مۇ-سۇلمانلار ھوشيار بولمىسا ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمى-سە، مۇناپىقلارنىڭ بۇ پىتنىلىرى ئۇلارنى بىر - بىرىگە قارشى-لاشتۇرۇپ قوياتتى، ئۇلار تۆپەيلى مۆمىنلەر ئارىسىدا قانلىق ۋەقەلەر كېلىپ چىقاتتى.

مۇناپىقلارنىڭ بۇنداق رەزىل ئويدۇرمىلىرىدىن بىرى ھەزرى-تى ئائىشەگە قىلغان تۆھمەتتۇر. تۆھمەت «بوھتان (ئىفك)

www.uyghurkitap.com

ۋەقەسى» نامى بىلەن مەلۇمدۇر.

مەدىنىدىكى مۇناپىقلار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنى ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەن ھېسابلايتتى. مۇناپىقلار ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەفسەگە داغ كەلتۈرۈپ غەلىبە قازانساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇ ئىككى دوستىدىن ئايرىۋېتىشتە غەلىبە قازىنىمىز دەپ ئويلاپ، بۇ ئىككى ئىپپەتلىك ئايالغا قارشى بىر يۈرۈش ھۇجۇملارنى قىلىشقان.

نەجدىنىڭ يېنىدا بەنى مۇستەلىك قەبىلىسىنىڭ مۇرەيسى دېگەن تارمىقى بار ئىدى. ھىجرەتنىڭ 5 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا مۇسۇلمانلار بىلەن بۇ قەبىلە ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنىدى. مۇناپىقلار بەنى مۇستەلىك بىلەن قىلىنىدىغان جەڭنىڭ شىددەتلىك بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە كۆپ سانلىق بىر قوشۇن ھالىتىدە ھەرىكەت قىلغانىدى. مۇناپىقلار ھېچقانداق غازاتتا بۇنچە كۆپ ساندا قاتناشمىغانىدى.

باشتا توختالغىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سەپەرگە چىققىنىدا ئاياللىرىدىن بىرىنى ئېلىپ چىقاتتى. بۇ سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەزرىتى ئائىشە ھەمراھ بولغانىدى. ئائىشە سەپەرگە چىققاندا ئاچىسى ئەسمادىن تىزىق مارجان ئېلىپ، ئۇنى بوينىغا ئېسىۋالغانىدى.

بۇ سەپەردە مۇناپىقلار بىرقانچە قېتىم مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ھەپىلەشتى. ھەتتا بىر قېتىم مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار (ئەنسار) بىلەن مەككىلىك مۇسۇلمانلار (مۇھاجىر) ئارىسىغا بىر ـ بىرىنى قىلىچلىشىدىغان دەرىجىدە پىتنە ـ پاسات سالغانىدى. مۇناپىقلارنىڭ ئاقساقىلى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي مەدىنىلىكلەرنى مەككىلىكلەرگە ياردەم قىلىشتىن ۋاز كەچتۈرمەكچى ئىدى ۋە مەدىنىگە قايتقىنىدا كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى ئۇ يەردىن چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلارنى يىغىپ ئۇلارغا ئەھۋال-نى ئۇقتۇردى . مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بۇ گۇناھقا شېرىك بولۇپ قالمىغانلىقلىرىدىن مەمنۇن بولۇشتى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بۇنىڭدىن ناھايىتى بىئارام بولۇشتى . ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ھەممە كىشىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانىدى . ئۆز قىزىمۇ ئۇنىڭدىن نەپرەتـ-لىنىپ ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئاتىسىنىڭ زەئىپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى .

بىر كېچىسى ، بىر يەردە قونغان مۇسۇلمانلار كارۋىنى تۈن يېرىمىدىن كېيىن يولغا چىقىشقا تەييارلانغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە ئەدەپ قىلىشۋېلىش ئۈچۈن كارۋاندىن بىرئاز ئايرىلىپ قالدى . قايتىپ كەلگەندە بويىنىدىكى مارجىنىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدى . بۇ مارجان ئاچىسىنىڭ بولغانلىقتىن ئۇنى ئىزدەپ تاپماقـ-چى بولدى ، قايتىپ بېرىپ مارجاننى تاپقۇچە كارۋان يۈرۈپ كەتتى . قايتىپ كەلگىنىدە كارۋان قونغان يەردە ھېچكىم قالمىغا-نىدى .

ھەزرىتى ئائىشە پۈركەنجىسىگە پۈركىنىپ كارۋان چۈشكەن يەردە كۈتتى . ئۇ كارۋاندىكىلەر ئۆزىنى تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى تەختىراۋاندا كۆرمىگەندە ئىزدىشىدۇ ۋە كەينىگە يېنىپ بۇ يەردىن تېپىشىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى . سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل لەشكەر-لەرنىڭ ئېھتىياجلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭاتـ-تى . سەھەردە ئائىشە تۇرغان يەرگە كەلگەن سەفۋان ھەزرىتى ئائىشەنى تونۇدى . ئۇ تۆگىسىدىن چۈشۈپ ، ئۇنى تۆگىسىگە مىنـ-دۈرۈپ ، كارۋانغا يەتكۈزۈپ كەلدى . ھەزرىتى ئائىشە تۆگىدىن چۈشۈپ ئۆز تۆگىسىگە مىنىپ يولغا راۋان بولدى . ناھايىتى ئاددىي ۋە سەپەردە ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇ ئادەتتىكى بىر ۋەقە مۇناپىقلارغا بىر غەيۋەت ـ شىكايەت دەسمايىسى بولۇپ بەردى . مۇناپىقلارنىڭ ئاقساقىلى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي دەرھال ھەزرىتى

ئائىشەگە بوھتان چاپلىدى ۋە بۇ بوھتاننى ھەممە يەرگە تارقاتتى ، پاك قەلبلىك مۇسۇلمانلار بۇ پىتنە ـ پاساتنى ئاڭلىغىنىدا : «يا رەببىم ، بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك بوھتان !» دېيىشتى . ھەزرىتى ئەبۇ ئەييۇب ئايىلى ئۇممۇ ئەييۇبدىن : «سەن توغرۇلۇق بۇنداق بىر سۆز تارقالسا ئېتىراپ قىلامسەن ؟» دەپ سورىغىنىدا ، ئۇممۇ ئەييۇب : «ھەرگىز (ئېتىراپ قىلمايمەن) ! ئېسىل ۋە شانۇشەۋكەتلىك بىر ئىنسان مۇنداق ئىش قىلمايدۇ» دېگەنىدى .

ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيدىن باشقا ، بۇ ۋەقەنىڭ بولغانلىقىنى قوللىغان بىرقانچە كىشىمۇ بار ئىدى . ئۇلار ھەسسان ئىبنى سابىت ، ھەمنە بىنتى جەھىش ، مىستەھ ئىبنى ئۇساسەلەر ئىدى . ھالبۇكى ، ھەسسان بىلەن ھەمنە بۇ سەپەرگە قاتناشمىغانىدى . ھەسسان تارقالغان پىتنە ـ پاساتنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيتتى . لېكىن ، سەفۋاننىڭ ئوسال بولغىنىغا خۇش ئىدى . ھەمنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ھەزرىتى زەينەپنىڭ سىڭلىسى ئىدى . ئۇنىڭ مەقسىتى ھەزرىتى ئائىشەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈپ ، ھەدىسىگە خىزمەت كۆرسىتىش ئىدى . مىستەھ بولسا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ياردىمى بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان ، ئۇنىڭغا قەرزدار كىشى ئىدى .

شۈبھىسىزكى ، دۇنيادا شان ـ شەرەپتەك ئەزىز نەرسە يوق . ئەڭ كىچىك بىر تاشمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر زەخمەتلەرنى يەتكۈزەلەيدۇ . ئار ـ نومۇسلۇق ۋە شەرەپلىك بىر ئىنساننىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە ئېغىر ئۆسەك سۆز قىلىنىسىمۇ ، شۇ ئىنساننى بىئارام قىلىدۇ . ھەزرىتى ئائىشە بىرمۇنچە لەنىتي مەقسەتلەر بىلەن ئۆزىگە قورۇلغان بۇ مەخپىي سۇيىقەستتىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى . بىر كېچە ھەزرىتى ئائىشە مىستەھنىڭ ئانىسى بىلەن بىللە تاشقىرىغا چىققانىدى . مىستەھنىڭ ئانىسى (ئۇممۇ مىستەھ) يولدا پۇتى قايرىلىپ كەتكەندە ئوغلىنى قارغىغانىدى ، ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭغا نارازى بولۇپ : «نېمىشقا ساھابىلاردىن بىرىنى قارغايسىز ؟»

دېدى . ئۇممۇ مىستەھ تارىلىپ كەتكەن پىتنە ـ ئىغۋانى ئائىشەگە ئەپ بەردى . ھەزرىتى ئائىشە ئۆزى ھەققىدىكى ئىغۋادىن خەۋەر تاپقاندا ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك بولدى . ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ، بۇ ئىغۋانىڭ قەيەردىن تارالغانلىقىنى سورىغانىدى ، ئانىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى . ئارىلىقتا ئەنسارلاردىن بىر ئايال كېلىپ ھەزرىتى ئائىشەگە پۈتۈن پىتنە ـ پاساتلارنى يەتكۈزدى . دېمەك ، ئائىشە ھەققىدە بۇنداق ئىغۋانىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەنلىكى راست ئىدى . ئائىشەنىڭ بىردىنلا بېشى قېيىپ ، يەرگە يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر بىلەن ئايىلى يۆگۈرۈپ كېلىپ ئائىشەنى يۆلىدى ۋە ئۇنىڭغا بۇنداق ئىغۋالارغا پىسەنت قىلماسلىقنى ئېيتتى . ھەزرىتى ئائىشە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كەتتى . لېكىن ، ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن قىزىتمىسى قاتتىق ئۆرلەپ يېتىپ قالدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا ، ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە بۇرۇنقىدەك ئىلتىپات قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئىجازەت سوراپ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى . ھەزرىتى ئائىشە ئۆزى ئۇستىدىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان بۇ ئىغۋاغا شۇنداق بىئارام بولدىكى ، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز يىغلايتتى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر قىزىنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن غەمكىن بولۇپ ، ئۇنىڭغا تىنچلىنىشنى تەۋسىيە قىلاتتى ، لېكىن ھەزرىتى ئائىشە تەسكىن تاپمايتتى . ئانىسى ئۇنىڭغا : «قىزىم ، ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال بۇنداق بالالارغا سەۋر قىلىشقا مەجبۇر» دەيتتى .

سەفۋان ، ھەسساننىڭ ئۆزى ھەققىدە گەپ تارقاتقانلىقى ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قىلىچىنى چىقىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى ، لېكىن ، پەيلىدىن يېنىپ ئۇنى تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بۇ ھەرىكىتىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ ، ھەسساننى

ماختىغانىدى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىدە شۇبھە يوق ئىدى . بۇنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېنىقلاشقا توغرا كېلەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇسامە بىلەن مەسلىھەتلەشتى . ئۇسامە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . ھەزرىتى ئەلى : «دۇنيادا ئايال كەم ئەمەس» دېدى ۋە پىتنە ــ پاساتتىن قورقسا ، ئۇنى قويۇۋېتىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى ، ئاندىن ئەھۋالنى ئائىشەنىڭ خىزمەتچىسىدىنمۇ سوراپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى . ئائىشەنىڭ خىزمەتچىسى چاقىرىلىپ ئۇنىڭدىن بەزى سوئاللار سورالغاندا ، ئۇمۇ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بىپەرۋا ئىكەنلىكىنى ۋە خېمىرنى يۇغۇرۇپ قويۇپ ئۇخلاپ قېلىپ ، خېمىرنى ئۆچكىلەر يەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە شاھىت بولدى .

پەيغەمبەر ئاياللىرى ئىچىدە ئۆزىنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ دەرىجىسىدە كۆرگىنى زەينەپ ئىدى . زەينەپنىڭ سىڭلىسى ھەمنە ئائىشە ھەققىدە سۆز ــ چۆچەك قىلغانىدى . ھەزرىتى ئەلى زەينەپنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئائىشە ھەققىدىكى پىكرىنى سورىغاندا ئۇ : «ئائىشەنىڭ ياخشىلىقىدىن باشقا نەرسىنى بىلمەيمەن» دېگەنىدى . بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى يىغىپ ، ئايالىنىڭ گۇناھسىز ۋە ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . كېيىن ئائىلىسىگە تىل تەگكۈزگەن بۇ مۇناپىقنىڭ جازاسىنى كىمنىڭ بېرىدىغانلىقىنى سورىدى . ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى سەئد ئىبنى مۇئاز ئورنىدىن تۇرۇپ : «يا رەسۇلۇللا ! ئەگەر بۇ ئادەم ئەۋس قەبىلىسىدىن بولسا ، ئۇنىڭ جازاسىنى دەرھال ئۆزۈم بېرەمەن . خەزرەجدىن بولسا ، ئەمر قىلىڭ ، ئۇنىڭمۇ يولىنى قىلىمەن» دېدى . سەئدنىڭ بۇ سۆزى خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى سەئد ئىبنى ئۇبادەگە تەگدى . سەئد ئىبنى ئۇبادە سەئد ئىبنى مۇئازغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈپ : «سەن مېنىڭ قەبىلەمگە

مەنسۇپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرەلمەيسەن ! سەندە ئۇنداق كۈچ يوق !» دېدى . شۇ چاغدا سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ تاغىسى ئۇسەيد ئىبنى خۇدەير ئورنىدىن تۇرۇپ : «بۇ مۇناپىقلارچە سۆزدۇر . سەن مۇناپىقلارغا يان بېسىۋاتىسەن» دېدى . ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قېنى قىزىدى . ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي بىر ھالغا كېلىپ قالدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىلىشىپ ئىككى تەرەپنى پەس- كويغا چۈشۈردى ۋە ماجىرا پۇراپ تۇرغان كەيپىياتنى بېسىقتۇر- دى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىـ- شەنىڭ ئۆيىگە كەلدى . ھەزرىتى ئائىشە بىتاب ۋە ناخۇش ئىدى . ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن ، ئاتا ـ ئانىسـ- نىڭ قىلمىغىنى قالمىغانىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەگە : «ئائىشە ، بىرەر گۇناھ قىلغان بولساڭ توۋا قىل ، جانابىي ھەق توۋىنى قوبۇل قىلىدۇ . گۇناھ سادىر قىلمىغان بولساڭ جانابىي ھەق سېنىڭ پاك ۋە ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىڭگە شاھىت بولىدۇ» دېدى . ھەزرىتى ئائىشە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىغانىدى ، بىراق ئۇلار بىر نەرسە دېمىدى . ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ : «بۇ ھالنى كۆرۈپ كۆزلىرىمنىڭ يېشى قۇرىدى . لېكىن ، قەلبىمدە بىگۇناھ- لىقىنىڭ بەرگەن ھۇزۇرى دەۋران سۈرەتتى . بىگۇناھ بولساممۇ ئۆزۈمنى گۇناھكار كۆرسەتسەم كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ، بى- گۇناھلىقىمنى ئېيتسام ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ ، بۇنىڭغا قارىتا قان- داق قىلىشىم كېرەك؟ مەنمۇ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامدەك : «مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلى- مەن ، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە ئال- لاھ مەدەتكاردۇر»[1] دەيتتىم» .

---

[1] 12 ـ سۈرە ، 18 ـ ئايەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇناپىقلار بۇ پىتنە ـ پاساتلىرى بىلەن مۇنۇ مەقسەتلەرگە يەتمەكچى ئىدى :

1 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ شان ـ شەرىپىگە داغ كەلتۈرۈش .

2 . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش .

3 . مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كۈچىنى يوقىتىش .

مۇناپىقلار ئاستا ـ ئاستا ئەمەللىرىگە نائىل بولۇشۇۋاتاتتى ، شۇ چاغدا غايىبدىن سادا كېلىپ ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىدى . ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي نازىل بولغان چاغلاردا ئەڭ سوغۇق كۈنلەردىمۇ ئۇنىڭ پېشانىسىدىن مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى ئاقاتتى ، ۋەھيي نازىل بولۇپ بولغاندىن كېيىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلغانىدى :

«شۈبھىسىزكى ، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە ) بوھتان چاپلىدى . بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر ، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە ، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ) بەلكى ياخشىدۇر ، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا ، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيي ) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ .

بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى ؟

ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى ؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن ، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ .

سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، بوھتان چاپلىغىنىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.

ئۆز ۋاقتىدا بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار، ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، ئۇ چوڭ گۇناھتۇر.

ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، نېمىشقا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، (ئى ئاللاھ) سەن پاكتۇرسەنكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر دېمىدىڭلار.

ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار ھەرگىز قايتا مۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار.

ئاللاھ سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلەرنى بايان قىلىدۇ، ئاللاھ (بەندىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، (تەدبىر قوللىنىشتا ۋە شەرىئەتنى بەرپا قىلىشتا) ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى (سىلەرنى قاتتىق جازالايتتى)، ئاللاھ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر،[1]».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئانىسى ئائىشەگە: «قىزىم، ئورنۇڭدىن تۇر، ئېرىڭنىڭ يېنىغا كەت» دېدى. ئائىشە: «مەن

① 24 ـ سۈرە، 11 — 20 ـ ئايەتلەر.

پەقەت جانابىي ھەققىلا شۈكۈر ئېيتىمەن ، باشقا بىرىدىن مىننەت-
دار ئەمەسمەن » دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن بوھتانچىلار ھەققىدە
جازالار تەتبىق قىلىندى . شائىر ھەسسان ئالدى بىلەن يۈز بەر-
گەن سەۋەنلىكىگە قارىتا ھەزرىتى ئائىشەنى مەدھىيىلەيدىغان بىر-
قانچە شېئىر يازدى . ئىبنى ئىسھاق ئۇلارنى نەقىل كەلتۈرىدۇ ،
بۇخارى ھەسساننىڭ يازغان شېئىرلىرىدىن بىرىنى نەقىل كەلتۈ-
رىدۇ . بىر بېيىتتە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ گۇناھسىزلىقى ، ئېغىر
بېسىقلىقى مەلۇم بولىدۇ . ئۇنىڭ بۇ سۈپەتلىرىنىڭ ھەرقانداق
شەك - شۈبھىدىن يىراق ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ .

# ئونىنچى باب

## تەيەممۇم ھەققىدىكى ئەھكاملارنىڭ نازىل بولۇشى

ھەزرىتى ئائىشە بىر جەڭدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغانىدى . ئۇنىڭ بوينىدا يەنە ئاچىسى ئەسمانىڭ مارجىنى بار ئىدى . مارجان يەنە يولدا چۈشۈپ قالغان بولۇپ ، ھەزرىتى ئائىشە دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلغانىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مارجاننى ئىزدەپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى . سەھەر ۋاقتىدا لەشكەرلەر قونغان يەردە سۇ يوق ئىدى . ناماز ۋاقتى بولغاندا ھەممەيلەن سۇ يوقلۇقىدىن جىددىيلىشىپ كەتتى . ساھابىلار ئەبۇ بەكرىگە مۇراجىئەت قىلىشتى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مارجىنى ۋەجىدىن كارۋاننىڭ يولغا چىقالمايدىغانلىقىنى ، شۇنىڭ بىلەن ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ : «بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ پۈتۈن جامائەتنى نامازدىن قويدۇڭ» دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندا تەيەممۇم ھەققىدىكى ئەھكاملارنى ئېلان قىلدى . ئەسلىدە ئىسلامنىڭ نۇرغۇن ئەھكاملىرى مۇناسىپ ۋەقەلەر مۇناسىۋىتى بىلەن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلگەنىدى . ناماز ئۈچۈن تاھارەت پەرز ، لېكىن ، سۇ يوق يەردە ناماز ئوقۇماسلىق كېرەكمۇ ؟ ياق ، كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالدا تەيەممۇم قىلىپ پەرزنى ئادا قىلسا بولاتتى . بۇ سەپەردىمۇ شۇنداق بولغانىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەيەممۇم ھەققىدىكى ئايەتنى تەبلىغ قىلدى . بۇ ئايەت مۇنداق ئىدى :

www.uyghurkitap.com

«... ئەگەر كېسەل (يەنى كېسەلگە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا ) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ، ياكى ھاجەت قىلساڭلار ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار ، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ) سۇ تاپالمىساڭلار ، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا ، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار »① .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغان مۇجاھىدلار ئاللاھنىڭ بۇ رەھمىتىدىن خۇرسەن بولۇشتى ۋە ھەممەيلەن ھەزرىتى ئائىشەگە دۇئا قىلىشتى . ساھابىلاردىن بولغان ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەير ھەزرىتى ئائىشەگە : «ئى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ! بۇ سېنىڭ ئىسلامغا قىلغان تۇنجى خىزمىتىڭ ئەمەس » دېدى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرمۇ قىزىنى ئەيىبلىگىنىگە پۇشايمان قىلدى ۋە ئۇنىڭغا : «قىزىم ، مەن سېنىڭ شۇ قەدەر مۇبارەك ئىكەنلىكىڭنى بىلمەپتىمەن . مۇسۇلمانلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇشقا سەۋەبچى بولدۇڭ » دېدى .

---

① 4 ـ سۈرە ، 43 ـ ئايەت .

# ئون بىرىنچى باب

## تەھرىم ، ئىلائ ۋە تەخيىر ۋەقەلىرى

### تەھرىم①

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بىر - بىرىگە قوشنا ئولتۇراتتى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بارلىق ئاياللىرىنى يوقلاش ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش ئادىتى بار ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ئاياللىرىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى . بىر قېتىم ھەزرىتى زەينەپنىڭ يېنىدا تاسادىپىي بىرنەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇپ قالغانىدى ، ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىدى . نەتىجىدە دوستلاردىن بىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازراق ھەسەل ئەۋەتكەنلىكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنى يېيىش ئۈچۈن ھەزرىتى زەينەپنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى . بۇ ئەھۋالدىن قىزغانغان ئائىشە ھەفسە بىلەن سەۋدەگە : «رەسۇلۇللا پاكىزلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ . ھالبۇكى ، ھەرىلەر قايسى گۈلگە قونسا ، ھەسەلدىمۇ شۇ گۈلنىڭ ھىدى پۇرايدۇ . ئەرەبىستاندا مەغافىر دېگەن گۈلنىڭ پۇرىقى بىرئاز كۆچلۈك » دېگەندىن كېيىن ، ئۇلارغا : «رەسۇلۇللانىڭ ئاغزىدىن بۇنىڭ پۇرىقىنى ئالساڭلار ، ئۇنىڭ مەغافىر ھەسىلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭلار » دەپ

① تەھرىم — ھارام ساناش ، چەكلەش .

ئاگاھلاندۇردى . بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاڭلانغاندا ، ئۇ ھەسەلدىن يېرگەنگەن ۋە قايتا ھەسەل يېمەسلىك قارارىغا كەلگەندى .

ئادەتتىكى بىر كىشىنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشى ئانچە مۇھىم ئەمەس . لېكىن ، پەيغەمبەر بۇنداق قارارغا كەلگەندە ئۇنىڭ ھەر سۆزى ۋە ھەرىكىتى باشقا كىشىلەرگىمۇ باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقتىن ، بۇ قارارلارمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللىمايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ : «ئى پەيغەمبەر ! نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ، ناھايىتى مېھرىباندۇر . ئاللاھ سىلەرگە (كەففارەت) بىلەن قەسىمىڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى ، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر ، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1] .

بۇ چاغلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ھەفسەگە بىر سۆز قىلغانىدى ، ھەفسە بۇ سۆزنى ھەزرىتى ئائىشەگە ئېيتىپ قويۇدى . ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

«ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ، ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقانىدى . ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان . ئاللاھ بولسا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا ، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى) . بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى) . پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى

---

[1] 66 ـ سۈرە ، 1 ـ ، 2 ـ ئايەتلەر .

ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە) : «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟»، دېدى، پەيغەمبەر : «ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ خەۋەر قىلدى»، دېدى. ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللاغا ئىخلاس قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كەتتى. ئەگەر سىلەر (رەسۇلۇللا خوپ كۆرمەيدىغان ئىش ئۈستىدە) ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساڭلار، ئۇ چاغدا ئاللاھ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، جىبرىئىلمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، مۆمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر. ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر»[①].

## ئىلائ ۋەقەسى[②]

مەدىنە مۇناپىقلىرى ھەققىدە ئېيتىلغان ۋەقەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار ھەر خىل باھانىلار بىلەن، تۈرلۈك پىلانلارنى قۇرۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن داۋاملىق قارشىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋاللىرى قۇرئان ئايەتلىرىدىمۇ ئېنىق بايان قىلىنىدۇ: «ئى پەيغەمبەر! سەن كۇففارلار بىلەن ۋە مۇناپىقلار بىلەن كۇرەش قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»،[③] ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردە نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككى پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلىش بىلەن بىر نەرسىگە ئىگە بولالمىغانلىقى، ئەكسىچە ئۇلار-

① 66 ـ سۇرە، 3 — 4 ـ ئايەتلەر.
② ئىلائ — مۇددەت بەلگىلەپ، قەسەم قىلىپ ئاياللىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇش.
③ 66 ـ سۇرە، 9 ـ ئايەت.

نىڭمۇ جەھەننەمگە كىرگەنلىكى ئۇقتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئاياللىرى سادىر قىلىپ قويغان بەزى كەمچىلىكلەردىن پايدىلانغان مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى خام خىيال قىلغانلىقى ئۇقتۇرۇلماقچى بولىدۇ.

تەھرىم ۋە ئىلائ ۋەقەلىرى ھىجرەتنىڭ 9 ـ يىلى يۈز بەرگەنىدى. ئۇ چاغدا ئەرەبىستاننىڭ ئەڭ چەت جايلىرىمۇ مۇسۇلمانلارغا ئىتائەت قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن مەدىنىگە كېلىدىغان مال ۋە غەنىيمەتلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. چۈنكى، ھەر تەرەپتىن مەدىنىگە ماددىي ئەشيالار ئەۋەتىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدىكى ھەممە ئاياللىرىغا تەڭ ـ باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان تۇرمۇشنى قىلچە ئۆزگەرتمىگەنىدى.

خەيبەر فەتھە قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئاياللىرىغا بۇغداي بىلەن خورما تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى. لېكىن، يوقسۇللارغا تارقىتىلىدىغانلىقى ۋە مۇساپىرلارغا ھەدىيە قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇلار يەتمەيتتى. بەزى كۈنلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى ئاچ قالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ئەمىر ۋە ئاقساقاللارنىڭ قىزلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ ياكى بۇرۇنقى ئەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئىنتايىن باياشاتلىق ئىچىدە ياشىغانىدى. مەدىنىدە كىشىلەرنىڭ راھەت ـ پاراغەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۇلارمۇ بۇرۇنقى چاغلىرىدىكىدەك باياشاتلىق ۋە مولچىلىق ئىچىدە ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقىنىدا ئىنتايىن بىئارام بولدى. ئالدى بىلەن قىزى ھەفسەنى كۆرۈپ: «سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كىرىمىنىڭ كۆپەيتىلىشىنى تەلەپ قىپسەن. نېمە كېرەك بولسا مەندىن سورا. قەسەم قىلىمەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ سېنى ئەمرىدە تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. بولمىسا سېنى قويۇۋېتەتتى» دېدى. ئاندىن، باشقا ئاياللارغا يولۇقۇپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى. ئۆممۇ



www.uyghurkitap.com

سەلەمە ھەزرىتى ئۆمەرگە : «ئۆمەر ، ھەممە ئىشقا ئارىلاشقىنىڭ يەتمەي ، ئەمدى رەسۇلۇللانىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىۋاتىسەن !» دەپ جاۋاب قايتۇرغانىدى ، ھەزرىتى ئۆمەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قالدى .

بىر قېتىم ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر رەسۇلۇللانىڭ يېنىدا ئىدى ، پەيغەمبەر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش نەپىقىسىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز قىزلىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن ناھايىتى خاپا بولغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ھەفسە قايتا بۇنداق تەلەپتە بولمايدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى . باشقا ئاياللار بولسا ئېتىراز ۋە تەلەپلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ھۇجرىغا چىقىپ ، بۇ يەردە تۇرۇشقا باشلىغان ۋە ئاياللىرىدىن بىر ئاي ئايرىلىپ تۇرۇشقا قەسەم قىلغانىدى ، مۇناپىقلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئاياللىرىنى قويۇۋەتكەنلىكى ھەققىدە پىتنە ـ پاسات تارقاتتى . بۇ پىتنە ـ پاسات كىشىلەرنى بىئارام قىلغانىدى . ساھابىلار مەسچىتكە يىغىلدى . ھەر ئۆيدە گوياكى بىر ماتەم ھاۋاسى لەيلەپ يۈرەتتى . پەيغەمبەر ئاياللىرى ئىنتايىن قايغۇلۇق ھالدا ھۇجرىلىرىغا كىرىۋالغانىدى . ساھابىلاردىن ھېچقايسىسى ئەتراپقا تارقالغان پىتنە ـ پاساتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى .

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ پىتنە ـ پاساتنى ئاڭلاپلا دەرھال مەسچىتكە كەلگىنىدە ، پۈتۈن ساھابىلار خاپا ھالەتتە ئولتۇرۇشاتتى . ھەزرىتى ئۆمەر رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئۈنىڭدىن ئىككى قېتىم ئىجازەت سوراپ جاۋاب ئالالماي ، ئۈچىنچى مۇراجىئىتى بىلەن ئىجازەت ئالدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بورا ئۈستىدە ياتاتتى . ئۇنىڭ بارى ـ يوق بىساتى بىر بورا ، ياستۇق

بىلەن بىرنەچچە ساپال تاۋاقلا ئىدى . ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ مەنزىرە ئالدىدا كۆزلىرى ياشقا تولۇپ : «ئاياللىرىڭىزنى قويۇۋەتتىڭىزمۇ ، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى ؟» دەپ سورىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ياق» دېدى . ھەزرىتى ئۆمەر خۇش خەۋەرنى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىجازەت ئېلىپ تاشقىرىغا چىقىپ ھەممەيلەنگە ئەھۋالنى يەتكۈزدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن 29 كۈن ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئالدى بىلەن ھەزرىتى ئائىشەنى يوقلىدى .

## تەخيىر[①]

پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ نەپىقىلىرىنى يۇقىرىلىتىش ھەققىدىكى مۇراجىئەتلىرى بىلەن تەخيىر ئايەتلىرى نازىل بولدى . بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن دۇنيا زىننىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىلى بولۇشتىن بىرىنى تاللاش تەلەپ قىلىنغاندى . ئايرىلىشنى تەلەپ قىلغانلارغا ، تەلەپ قىلغىنى بېرىلەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قېلىشنى ئەۋزەل بىلگەنلىرى بولسا ئاياللىق شەرىپىگە داۋاملىق نائىل بولاتتى . تەخيىر ئايىتىنى باشتا نەقىل كەلتۈرگەن ۋە بايان قىلغاندۇق . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئالدى بىلەن ھەزرىتى ئائىشەگە تىلاۋەت قىلىپ ، ئائىشەنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مەسلىھەت سالماستىن ۋەدە بەرمەسلىكنى ئېيتقان ، لېكىن ئائىشە : «ئى رەسۇلۇللا ! مەن ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ئەلا بىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن مەمنۇن بولغاندى[②] .

---

① تەخيىر — ئىختىيار قىلىش .

② «سەھىھۇلبۇخارى» ، «سەھىھۇلمۇسلىم» : «بابۇل ئىلائ» .

# ئون ئىككىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تۇللۇق ھاياتى

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن توققۇز يىلچە ياشىغاندىن كېيىن تۇل قالغانىدى، ھىجرەتنىڭ 11 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باش ئاغرى-قىدىن بىئارام بولغان ھالدا ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كەلگەنىدى. شۇنداق باشلانغان كېسەللىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى-غىچە داۋاملاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئائىشەنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، ئۇ يەرگە كەلگەن ۋە ئاخىرقى نەپسىنى شۇ يەردە توختاتقانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئائىشەنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزۈشىنىڭ سەۋەبى پەقەت ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى-دىنلا ئەمەس، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا ئاخىرقى كۈنلىرىگە دائىر سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئېسىدە ساقلىغۇالسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنى، ئەقلىلىق-لىقىنى ۋە ھەرقانداق مەسىلىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى باشتا ئىزاھلى-غاندۇق. شۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى كۈنلى-رىنى ئائىشەنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزۈشنى خالايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك رىۋايەتلەر ھەزرىتى ئائىشەدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا ئىمامەت-چىلىك قىلالمىغانىدى. بىر قېتىم جامائەتكە ئىمامەتچىلىك قى-لىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشقا غەيرەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن

ماغدۇرسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمامەتچىلىك قىلىشىنى ئەمىر قىلغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ : «رەسۇلۇللانىڭ ئورنىغا چىقىدىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۇ ئورۇننىڭ رەسۇلۇللادىن بوش قالغىنىنى كۆرسىتىپ قالامدىكىن ، دەپ ئاتام ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمامەتچىلىك قىلىشىنى خالىمىغانىدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : ‹ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى ! ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىنتايىن ھېسسىياتچان ئادەم . شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئىمامەتچىلىك قىلالمايدۇ . سىزنىڭ ئورنىڭىزغا چىقىدىغان بولسا يىغلاشقا باشلايدۇ . ئىمامىلىقتا باشقا بىرىنى چىقىرىڭ › دېدىم . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمرىنى تەكرارلىدى »① . ھەزرىتى ئائىشە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەلەپنى ھەفسەنىڭ ۋاستىسى بىلەن قايتا يەتكۈزدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى ئەمرىنى بېرىپ : «ئەبۇ بەكرگە ئېيتىڭلار كىشىلەرگە ئىمامەتچىلىك قىلسۇن !» دېدى . شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللانىڭ ئەمرىنى ئورۇندىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى ھەزرىتى ئائىشەگە ئازراق پۇل ئامانەت قىلغانىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن ، بۇلارنى ئەسلەپ ئائىشەگە : «بۇ پۇللارنى دەرھال ئاللاھ يولىدا سەرپ قىل . مۇھەممەد رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتقاندا زىممىسىدە بۇنداق بىر ئىش قالمىسۇن» دېدى . ھەزرىتى ئائىشە دەرھال بۇ پۇلنى يوقسۇللارغا تارقىتىپ بەردى② .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا قويغانىدى . بۇ

---

① بۇخارى : «بابۇل ھۇجرە» .
② «مۇسنەدى ئەھمەد» .

چاغدا ئائىشەنىڭ ئىنىسى ئابدۇرەھمان بىر مىسۋاكنى تۇتقان هالدا ئۆيگە كىردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىسۋاكقا قارىغاندى ، ئائىشە ئۇنىڭ مىسۋاك ئىشلەتمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ ، مىسۋاكنى يۇمشاتقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەردى .

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ئالىقىنىدىكى قولىنى بىردىن تارتىۋېلىپ : «ئاللاھۇممە رەفىقەل ئەئلا (ئى ئاللاھ ، ئۇلۇغ دەرگاھىڭغا ... ) » دېدى . ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ : «رەسۇلۇللا ساق ۋاقتىدا : ‹پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتىدىن بىرىنى ئەۋزەل بىلىش تەكلىپ قىلىنىدۇ › دېگەنىدى . مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قورققانىدىم . چۈنكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىمىزدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم . » ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىنلا تېنىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم . كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەنىدى . مۇبارەك بېشىنى ياستۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يىغلاشقا باشلىدىم . »

بۇ ھۇجرىغا ، يەنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپنە قىلىنغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى بىر چۈش كۆرگەنىدى . چۈشىدە ئۈچ پارچە ئاي بىر - بىرلەپ سۇنۇپ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا چۈشكەنىدى . ئائىشە چۈشىنى ئاتىسىغا ئۆرۈپ بەردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئەبۇ بەكىر قىزىغا : «مانا بۇ ئۈچ ئاينىڭ بىرى ۋە ئەڭ ياخشىسى» دېدى . كېيىن مەلۇم بولدىكى ، قالغان ئىككى ئاينىڭ بىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ، يەنە بىرى ھەزرىتى ئۆمەر ئىدى . چۈنكى ، بۇلارمۇ ھەزرىتى

ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغانىدى .

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، قالغان ھاياتىنى تۇل ئۆتكۈزدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى . بىر كۈنى چۈشىدە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ھۇجرىدا ياتمىغانىدى .

پەيغەمبەر ئاياللىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن قايتا نىكاھلىق بولۇشى مەنئى قىلىنغانىدى . قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ : «پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چارىدۇر ، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر»[1] . «سىلەرنىڭ رەسۇلۇللانى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس ، رەسۇلۇللادىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس»[2] .

بۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبى مۇنداق : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئاياللىرى ئەينى چاغدا ئۇنىڭ سىرداشى ئىدى . ئۇلارغا يارىشىدىغان ھال — ھاياتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتى بويىچە ئۆتكۈزۈش ، ئۇنىڭ ئەخلاقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئىدى . ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى پەيغەمبەر ئاياللىرىغا خاس ئېغىر بېسىقلىقنى ساقلاش ئىدى . ئۇلارنىڭ باشقا ئەرلەرگە نىكاھلىنىشى ، باشقا ئەرلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولۇشى بۇنىڭغا توسقۇن بولاتتى . ئۇلار مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولۇشى ۋەجىدىن ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيىسى بىلەن مەشغۇل بولۇش ۋەزىپىلىرى بار ئىدى . ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەپ مۇنداق دەيدۇ :

---

① 33 - سۈرە ، 6 - ئايەت .
② 33 - سۈرە ، 53 - ئايەت .

«ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ! ئىچىڭلاردىن كىمكى ئاشكارا قەبىھ ئىشنى قىلىدىكەن ، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر . سىلەردىن كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا ، ئۇنىڭغا ساۋابنى ئىككى قاتلاپ بېرىمىز ، ئۇنىڭغا (جەننەتتە) ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق .

ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر . سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار ، (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ ، (گۇماندىن خالىي) ياخشى سۆزنى سۆزلەڭلار . ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار ، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار ، ناماز ئوقۇڭلار ، زاكات بېرىڭلار ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار ، ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ! ئاللاھ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ . ئۆيلىرىڭلاردا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەت (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى)دىن ئوقۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار ، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىرلارنى بىلگۈچىدۇر ، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر »[1] .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پۈتۈن ھاياتى بۇ ئايەتلەرنىڭ ئەمەلىي ۋە جانلىق تەپسىرى ئىدى .

---

[1] 33 ـ سۈرە ، 30 — 34 ـ ئايەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ئون ئۈچىنچى باب

## تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە

### ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خەلىپىلىك ئورنىغا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئاياللىرى ھەزرىتى ئوسماننى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ مىراس تەلەپ قىلماقچى بولۇشقانىدى، ھەزرىتى ئائىشە ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىمىز يوق. بىز قالدۇرۇپ كەتكەن پۈتۈن نەرسىلەر سەدىقىدۇر» دېگەن ھەدىسىنى ئېيتتى. ئاياللار بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەلەپلىرىدىن ۋاز كەچتى.

ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ھاياتىدا مىراس بولغۇدەك بىرەر نەرسە قالدۇرمىغانىدى. پەقەت ھەر خىل ئېھتىياجلارنى قامداش ئۈچۈن ۋەخپە يولى بىلەن بىرنەچچە پارچە يەرگە ئىگە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەرنىڭ كىرىمىنى قەيەرگە ئىشلەتكەن بولسا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ شۇنداق يەرلەرگە سەرپ قىلدى. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەرنىڭ كىرىمىدىن ئاياللىرىغا ئۇلۇش بېرەتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ ئۆز خەلىپىلىكى دەۋرىدە پەيغەمبەر ئاياللىرىغا شۇ كىرىمدىن

ئۈلۈش بەردى[1] .

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىكى ئىككى يىل داۋاملاشتى . ئۇ ھىجرەتنىڭ 13 ـ يىلى ۋاپات بولدى . ئاخىرقى نەپەسى توختىغاندا ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆز مۈلكىدىن بىر قىسمىنى ئائىشەگە قالدۇرۇپ ، قېرىنداشلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدى . كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق دەپنە قىلىنغانلىقىنى سورىدى . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ پارچە ئاق رەخت بىلەن دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى كۈنى ۋاپات بولغانلىقىنى سورىدى . ئائىشە : «دۈشەنبە كۈنى» دېدى . ئۇ كۈنمۇ دۈشەنبە كۈنى ئىدى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى : «مەنمۇ بۈگۈن كېچە ئالەمدىن ئۆتىمەن» دېدى . دەرۋەقە ، شۇ كېچە ۋاپات بولدى ۋە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ سەل نېرىسىغا دەپنە قىلىندى . شۇنداق قىلىپ ، ئېرىنىڭ ۋاپاتى بىلەن تۇل قالغان ھەزرىتى ئائىشە ، ئاتىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەن يېتىم بولۇپ قالدى .

## ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دەۋرى ئىسلام دۆلىتىنىڭ نۇرغۇن تەشكىلىي قۇرۇلمىلىرى بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك دەۋر ئىدى . ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمانلار-

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «كىتابۇل فەرائىز» .

غا كېلىدىغان كىرىملەرنى پۇلغا ئايلاندۇرغانىدى. بۇ تەدبىقات پەيغەمبەر ئائىللىرى ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە ئىدى. لېكىن، ھەزرىتى ئائىشەگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولغانلىقىدەك مۇھىم ئورنى ۋەجىدىن باشقا ئاياللارغا قارىغاندا سەل ئارتۇق خىراجەت ئايرىلغانىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۈلۈشلىرىنى ئايرىپ ئۇلارغا ئەۋەتەتتى. ئىراقنىڭ فەتھە قىلىنىشىدىن كەلگەن غەنىيمەتلەر ئىچىدە ئاززاق مەرۋايىت بار ئىدى. بۇ مەرۋايىتنى تەقسىملەشتە بەزى مەسىلىلەر كۆرۈلگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر: «رۇخسەت قىلساڭلار، مەن بۇلارنى ھەزرىتى ئائىشەگە ئەۋەتىپ بېرەي» دېگەن، جامائەتمۇ بۇنى تەستىقلىغاچقا ھەزرىتى ئائىشەگە ئەۋەتكەنىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىنىڭ ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ۋاپات بولىدىغان چاغلاردا بۇ ئارزۇسىنى تەكىتلىدى. قىزىنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا: «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىغا مەندىن سالام ئېيتىپ، ئۆمەر ئىككى دوستىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگىن ...» دېدى. ھەزرىتى ئائىشە: «مەن ئۇ يەرنى ئۆزۈمگە ساقلاۋاتىمەن. لېكىن، ئۆمەر ئۈچۈن ئۆز ھەققىمدىن كېچىمەن ...» دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئىجازەتتىن كېيىن، جىنازىسى ھۇجرىغىچە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن تەكرار ئىجازەت سوراشنى، ھەزرىتى ئائىشە ئىجازەت بەرسە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىشنى، ئەكسىچە بولغاندا قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلىنىشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. ھەزرىتى ئائىشە ئىجازەت بەرگەنلىكتىن، ھەزرىتى ئۆمەر رەسۇلۇللا بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

## ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە

ھەزرىتى ئوسماننىڭ دەۋرى 12 يىل داۋاملاشتى . بۇ دەۋر-
نىڭ بېرىمى تىنچلىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئۆتكەن بولسى-
مۇ ، كېيىنكى يېرىمىدا بىرمۇنچە قالايمىقانچىلىقلار ئەرز - شى-
كايەتلەر مەيدانغا چىقتى . ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ : «رە-
سۇلۇللا ھەزرىتى ئوسمانغا : ‹جانابىي ھەق ساڭا خەلىپىلىك
تونىنى كىيدۈرسە ، سەن ئۇنى ئۆز خاھىشىڭ بىلەن يېشىۋەتمە ›
دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى » .

ھەزرىتى ئائىشە كىشىلەر ئارىسىدا زور ئابرۇيغا ئىگە ئىدى .
«مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى » بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھىجازدا ، ئىراق-
تا ، شامدا ، مىسىردا ، ھەممە يەردە كىشىلەرنىڭ بىر ئانىغا
كۆرسىتىدىغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىگە نائىل بولغانىدى . خەلق
ئەرز - ھالىنى ھەزرىتى ئائىشەگە ئېيتاتتى ، ئۇمۇ ئۇلارغا تەسەل-
لى بېرەتتى .

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرلىرى بىلەن
ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ھەممە ئىش
ساھابىلارنىڭ پېشقەدەملىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قارار قىلى-
ناتتى . ھەربىر ساھابە ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ
مۇھىم ئورۇنلارغا قويۇلاتتى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرى-
تى ئۆمەر ئىنتايىن ئادالەتلىك تەرتىپ ، مۇقىم باشقۇرۇش تۈزۈ-
مى ئورناتقانىدى . شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى
پۈتۈن مەملىكەتلەردە تىنچلىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بار ئىدى .
ساھابىلارنىڭ پېشقەدەملىرىدىن ھېچقايسىسى بۇ خەلىپىلەرگە قار-
شى ئەيىبلەشلەردە بولمىغانىدى . ياشلار بۇ ئىككى زاتتىن ئۆز

ئۇلۇشىدىن زىيادە بىر نەرسە تەلەپ قىلمايتتى . مەسىلەن ، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ، مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكىر ، مەرۋان ئىبنى ھەكەم ، مۇھەممەد ئىبنى ئەبى ھۇزەيفە ، سەئد ئىبنى ئاسلاردەك قابىلىيەتلىك ياشلار ئەبۇ بەكىر ياكى ئۆمەر دەۋرلىرىدە ئۆز ھوقۇقلىرىدىن زىيادە بىر نەرسە تەلەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى .

ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ھەزرىتى ئەبۇ بەكىرنىڭ نەۋرىسى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى زۇبەير رەسۇلۇللانىڭ دوستى ئىدى . ئابدۇللا ھەممەيلەندىن زىيادە ئۆز ئاتىسىنى خەلىپىلىككە لايىق كۆرەتتى ۋە خەلىپىلىكنىڭ ئاتىسىدىن ئۆزىگە ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى .

مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكىر ھەزرىتى ئەبۇ بەكىرنىڭ كىچىك ئوغلى ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىنىسى ئىدى . مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكىرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەلىگە نىكاھلانغانىدى . مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكىرنى ھەزرىتى ئەلى تەربىيىلىگەن بولۇپ ، ھەزرىتى ئەلى ئۇنى ئۆز پەرزەنتىدەك ياخشى كۆرەتتى .

مۇھەممەد ئىبنى ئەبى ھۇزەيفەنى ھەزرىتى ئوسمان تەربىيىلىگەنىدى . كېيىنچە ئۇ چوڭ بىر خىزمەتكە ھەۋەس قىلغان . ھەزرىتى ئوسمان بۇ خىزمەتنى ئۇنىڭغا لايىق كۆرمىگەنلىكتىن ، ئۇ مىسىرغا كېتىپ مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلارغا قوشۇلغانىدى .

مەرۋان بىلەن سەئد ئىبنى ئەل ئاس ئۇمەۋىيىلەردىن ئىدى . ھەر ئىككىلىسى ناھايىتى ياش بولسىمۇ ، يۇقىرى ئورۇنلارغا چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى . ھەزرىتى ئوسمانمۇ ئۇمەۋىي بولغانلىقتىن ، ئۇمەۋىيلەرگە مەنسۇپ ياشلارنى تاللايتتى ۋە ئۇلارنى ئەلا بىلەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن مەرۋان بىلەن سەئد ئىبنى ئەل ئاسقا چوڭ خىزمەتلەر بېرىلگەنىدى . ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۇمەۋىيلەرنى ئەلا بىلىشى ، قۇرەيش ياشلىرىنى رەنجىتىپ قويغانىدى . نەتىجىدە ئەبۇ بەكىرنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بىلەن ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ

ئوغلى مۇھەممەد ھەزرىتى ئوسمانغا قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناش-
تى. تەبىئىيكى، ھەزرىتى ئوسمان تەيىنلىگەن بۇ ياشلاردا ساھا-
بىلارنىڭ پېشقەدەملىرىدەك ئادالەت ۋە باراۋەرلىك، توغرىلىق ۋە
سەممىيەت، تەقۋادارلىق يوق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ
ساھابىلارغا ئىپادىلىگەن ھۆرمەتسىزلىكلىرىنى كۆرگەن خەلق ۋە
ئەسكەرلەر ئۇلاردىن نارازى ئىدى. بۇ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بىرىن-
چى سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ئەرەبلەر بۇرۇندىن تارتىپ بىرەر
باشقۇرۇش ئاستىدا بولۇشنى ياقتۇرمايتتى. چۆلنىڭ ئەركىن
ھاۋاسىدا ئەركىن يۈرۈشنى خالايتتى. ئىسلامىيەت ئىنسانلار ئا-
رىسىدا باراۋەرلىكنى ئەمىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن قەبىلىلەر
بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ باراۋەرلىك قەبىلىلەر ئارىسى-
دىكى دۈشمەنلىكنى يوقىتىشتا رول ئوينايدىغان بولغاچقا، پەزى-
لەتلىك ساھابىلار ئۇلارغا مۇئامىلە قىلغاندا بۇ قائىدىگە رىئايە
قىلىشقا ھەمىشە دىققەت قىلاتتى. ساھابىلاردىن كېيىن كەلگەن
رەھبەر ۋە خىزمەتچىلەر بۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلدى. ئۇنىڭدىن
باشقا ئۆزىنىڭ ئېسىلزادىلىكى ۋە شان - شەرەپلىرىنى پەش
قىلىپ بىر يۈرۈش ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالدى. بۇ ئەھۋال
باشقا ئەرەبلەرگە ئېغىر كەلدى. ئەرەب قەبىلىلىرى «ئەسىرى
سائادەت» (رەسۇلۇللا ياشىغان دەۋر)تىن كېيىن فەتھ قىلىنغان
ئىران، سۈرىيە، مىسىر ۋە ئافرىقىنىڭ يالغۇز ئۇمەۋىيلەر ۋە
قۇرەيشلەر تەرىپىدىن ئەمەس، پۈتۈن ئەرەب قوۋمى تەرىپىدىن
فەتھ قىلىنغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭمۇ ئۇمەۋىيلەر ۋە قۇرەيش-
لەردەك فەتھ نېمەتلىرىدىن تېگىشلىك ئۈلۈشكە ئىگە بولىدىغان-
لىقىنى بىلدۈرۈشكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبلەر تۈرلۈك
پىتنە - پاساتقا قاتنىشاتتى ۋە بۇ ھەرىكەتنى يوللۇق كۆرەتتى.
كۇفە شەھىرى ئەرەبلەر بىلەن پارسلارنىڭ ئۇچرىشىش مەر-
كىزى ئىدى. پىتنە - پاسات بۇ شەھەردىن باشلانغانىدى. بۇ
شەھەر ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭمۇ قارارگاھى بولۇپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

سەئد ئىبنى ئەل ئاس بولسا كۇفەنىڭ ۋالىيسى ئىدى . شەھەر ئاھالىسى كۆپىنچە ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ، ھەممىسى ئۇنى قەبىلىسىنى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلىشقا ، باشقا قەبىلىلەرنى چۈشۈرۈشكە تىرىشاتتى . نەتىجىدە بىر - بىرىنى قاتتىق ئەيىبلىشىپ بۆلۈنۈپ كېتەتتى . بىر قېتىم سەئد ئىبنى ئەل ئاسنىڭ قورەيشلەردىن ئىكەنلىكى ماختالغان بىر سۆز تۈپەيلىدىن ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان پىتنە ئوت ئېلىپ كەتكەنىدى . ھەرقايسى قەبىلىدىكىلەر بۇ سۆزلەرنى ئۆز قەبىلىسىگە يەتكۈزگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ پىتنە - پاساتقا كىرىشىپ كەتكەنىدى .

بۇ ۋاقىتتا ئىبنى سەبە ئىسىملىك يەھۇدىي ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى . يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئادەتلىرىدىن بىرى — ئۇلار دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولسا ئۇلارغا دوستانە كۆرۈنەتتى ۋە خۇپىيانە ھىيلىگەرلىك قىلاتتى . مەسىلەن ، يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى كۈچ ئىشلىتىپ توسىيالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگىنىدە ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پاۋلوس ئىسىملىك بىرى خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇۋېلىپ ئىيسا ئەلايھىسسالامنىڭ پۈتۈن دىنىنى تۈپ يىلتىزىدىن بەربات قىلماقچى بولغانىدى . ئىبنى سەبەمۇ ئوخشاشلا مۇناپىقلارچە مەقسەتلەر بىلەن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانىدى . بۇ سىياسىي قالايمىقانچىلىق ئۇنىڭ مەخپىي پىلانلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق پۇرسەت ئىدى . ئىبنى سەبە دەرھال ھەر تەرەپكە قاتراشقا باشلىدى . كۇفە ، مىسىر ، بەسرە ۋە ھەربىي قوشۇن مەركەزلىرى بار يەرلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزىتىپ ، دۈشمەن گۇرۇھلار بىلەن ئالاقە ئورناتتى . ھەزرىتى ئوسمان ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولغانلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولدى . مىسىرغا ئورۇنلىشىپ ، بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان دۈشمەن گۇرۇھلارنى بىر يەرگە جەم قىلدى . بۇ جامائەتكە «سەبەئىييە» نامى بېرىلگەنىدى .

ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە ئوتتۇرا دېڭىز ئاراللىرىدا ۋە ئاف-
رىقىدا ئۇرۇشلار داۋاملاشقاندى . لەشكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى شۇ
يەرلەردە ئىدى . مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكىر ، مۇھەممەد ئىبنى
ھۇزەيفەلەر جەڭگە قاتنىشىش باھانىسى بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئارى-
سىغا كىرەتتى ۋە ئۇلارنى ئۆز گۇرۇھىغا كىرگۈزۈشكە تىرىشاتت-
تى . شۇ سەۋەبتىن مىسىر ئىسيان مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغان-
دى . ھەزرىتى ئوسمان مىسىرغا تەيىنلىگەن ۋالىي ئابدۇللا ئىبنى
ئەبۇ سەرخ ئىدى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكىرنىڭ ئوغلى بىلەن مۇھەم-
مەد ئىبنى ئەبى ھۇزەيفە ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى مىسىردا
ھەزرىتى ئوسمان بىلەن ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ سەرخكە قارشى
قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ، بۇنىڭ بىلەن مىسىردا يىلتىز تارتىشقا
باشلىغان ئۆكتىچى سىياسىي ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلدى .

بۇ چاغدا ھەج مەزگىلى يېقىنلاپ قالغانلىقتىن ، كۇفە ،
بەسرە ۋە مىسىردىن مىڭدەك جامائەت ھەجنى باھانە قىلىپ ھى-
جازغا يول ئالدى ۋە مەدىنىگە يېقىن بىر يەردە چېدىر تىكىپ
ھەزرىتى ئوسمان ئۈستىدىن ئىغۋا تارقىتىشقا باشلىدى . ئۇلار
ھەزرىتى ئەلى ۋە باشقا ساھابىلارنىڭ ئارىلىششى نەتىجىسىدە
تارقىلىپ كەتكەندى . لېكىن ، يەنە قايتىپ كېلىپ ، ھەزرىتى
ئوسمان تەرىپىدىن مىسىر ۋالىيسىغا يېزىلغان بىر مەكتۇپنى
كۆرسىتىپ ، ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئىسيانچىلارنى قاماققا ئېلىش
ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئەمىر قىلغانلىقىدىن شىكايەت قىلدى . ئۇلار بۇ
مەكتۇپنىڭ مەرۋان تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى قىياس قىلىشقان-
دى . شۇنىڭ ئۈچۈن ياكى مەرۋاننىڭ دەرھال تاپشۇرۇلۇشىنى
ياكى ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىكتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قى-
لىشتى . بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ، يەنە ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆيىنى
قورشىۋېلىشتى . ھەزرىتى ئوسمان بۇ تەلەپلەرنىڭ ئىككىلىسىنى
رەت قىلدى . ھەزرىتى ئائىشە قېرىندىشى مۇھەممەدنىڭ ئىسيان-
چىلار بىلەن بىرلىكتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا بۇلاردىن

ئايرىلىشنى خىتاب قىلدى . مۇھەممەد بۇ خىتابقا قۇلاق سالمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئائىشە ھەجگە كەتتى . قېرىندىشى مۇھەممەدنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ ، مۇھەممەد بېرىشنى رەت قىلدى . بۇ ۋەقە نەتىجىسىدە ، ھەزرىتى ئوسمان ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغاندىن كېيىن ، ئىسيانچىلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى .

ھەزرىتى ئوسمان شېھىت بولغاندىن كېيىن خەلىپىلىككە لايىق كۆرۈلگەن تۆت زات بار ئىدى :

1 . تەلھە ، 2 . زۇبەير ، 3 . سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ، 4 . ئەلى . سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس بۇ ئىشلاردىن قولىنى تارتقاندى . بەسرىلىكلەر تەلھە تەرەپدارى ئىدى . كۇفەلىكلەر زۇبەيرنى تەلەپ قىلاتتى . مىسىرلىقلار بىلەن ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرغان كۈچلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەرەپدارلىرى ئىدى . ئۆكتىچىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللانى ، ئۇمەۋىيلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئوغلى ئاباننى نامزات كۆرسەتكەندى . نامزاتلار ئارىسىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇرەھماننىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى . ھەزرىتى ئوسمان شېھىت بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىسيانچىلارنىڭ قاتتىق تۇرۇشى بىلەن مەدىنە ئاھالىسى ھەزرىتى ئەلىگە ئىتائەت قىلغان ۋە بۇ چاغدا ئەلىمۇ خەلىپىلىككە چىققانىدى .

ھىجازدا بۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە ، شامدا مۇئاۋىيە ئۆزىنى خەلىپە دەپ جاكارلاشنى ئويلىشىۋاتاتتى . مىسىردا يەنە مۇھەممەد ئىبنى ئەبى ھۇزەيفە مەدىنىدىن مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى .

ھەزرىتى ئوسماننىڭ ھەرەم ئايلىرىنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى ئەتراپىدا ئاسىيلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنىشى ناھايىتى مۇھىم ۋەقە بولۇپ ، پۈتۈن ئىسلام ئالىمىنى زىلزىلىگە سالغانىدى . چۈنكى ، ھەزرىتى ئوسمانغا قارشى چىققان-

لارنىڭ كۆپچىلىكى قەتل قىلىنىشنى خالىمايتتى. ئىسيانچى گۇ-رۇھ ھەزرىتى ئائىشەدىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ قەتل قىلىنىشى ھەققىدە پەتىۋا تەلەپ قىلغىنىدا، ھەزرىتى ئائىشە: «خۇدا ساقلى-سۇن! مەن مۆمىنلەرنىڭ باشچىسى ئۇچۇن كەسكىن ھۆكۈم چىقىرالمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. بىر كۈنى ھەزرىتى ئوسماننىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭغا قارشى مەيداندا تۇرغان ھەزرىتى ئائىشەدىن ئۇنىڭ قەتل قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقا-رىشى سورالغانىدى، ئۇ: «قەسەم قىلىمەنكى، ھەزرىتى ئوسمان-نىڭ قەتل قىلىنىشىنى خالىمايتتىم. ئەگەر بۇنداق ئىشنى خالى-غان بولسام مەنمۇ شۇنىداق ئاقىۋەتكە قالاي!» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ھەزرىتى ئائىشە ئابدۇللا ئىبنى ئادىيگە مۇنداق دېدى: «پەي-غەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ بۇرادەرلىرى ھازىرغىچە بۇنداق بىر ۋەقەگە يولۇقمىغانىدى. لېكىن، ئۇ ئىسيانچىلار گۇرۇھى پەيدا بولغاندىن كېيىن، دېيىلمەيدىغان نەرسىلەر دېيىلدى، ئوقۇلماي-دىغان نەرسىلەر ئوقۇلدى. نامازلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك شە-كىلدە ئوقۇلمىدى. ئۇ گۇرۇھنى ئېنىقلىغىنىمدا، ئۇلارنىڭ ھەز-رىتى ئوسماننىڭ بۇرادەرلىرى سادىر قىلغان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر-دار بولمىغانلىقىنى بىلدىم».

## ھەزرىتى ئەلى دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە

ھەزرىتى ئەلى خەلىپە بولىغان چاغلاردا، پۈتۈن مەملىكەت ئۆزلۈكىدىنلا تەرتىپكە كىرگەنىدى. ساھابىلاردىن تەركىب تاپقان كىچىك بىر گۇرۇھ زور پىداكارلىقلار بىلەن قورۇلغان مەدەنى-يەتنىڭ ئاستا - ئاستا خاراب بولغانلىقىنى قايغۇ بىلەن كۆرمەكتە

ئىدى . بۇ كىچىك گۇرۇھتا ھەزرىتى تەلھە ، ھەزرىتى زۇبەير ۋە ھەزرىتى ئائىشەلەر بار ئىدى . تەلھە قۇرەيشلەردىن ۋە ئىسلامىيەتنى دەسلەپ قوبۇل قىلغانلاردىن ئىدى . ئۇ بىرقانچە جەڭلەرگە قاتناشقانىدى ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ كۈيئوغلى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باجىسى ئىدى . ھەزرىتى زۇبەير باتۇر ئادەم بولۇپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ جەسۇرلىرىدىن ئىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىسى نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى . ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ كۈيئوغلى ئىدى . بۇلارنىڭ ئىككىلىسى ھەزرىتى ئوسمانىنى سايلاش ھەيئىتىدە بار ئىدى .

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ھەزرىتى ئوسمان مۇھاسىرىدىكى چاغدا ھەزرىتى ئائىشە ھەر يىلقىدەك ھەجگە چىقىپ ، قايتىش سەپىرىدە تەلھە ۋە زۇبەيرلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەنىدى . ئۇلار ھەزرىتى ئائىشەگە : «بىز مەدىنىدىن قېچىپ كېتىۋاتىمىز . ئۇ يەردىكى چۈپرەندىلەردىن ۋە بەدەۋىيلەردىن يىراقلىشىۋاتىمىز . كەينىمىزدە قالغانلار ئاداشتى . ئۇلار نە بىر ھەقنى تونۇمايدۇ ، نە بىر باتىلنى ئىنكار قىلمايدۇ ، نە ئۆزلىرىنى قوغدىيالمايدۇ !» دېيىشتى . ھەزرىتى ئائىشە : «ئۇنداقتا مەسلىھەت قىلىڭلار . بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەك بولسا شۇنداق قىلىڭلار !» دېگەنىدى .

ھەزرىتى ئائىشە بۇ ئىككى ساھابىدىن مەدىنىدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ خەۋىرىنى ئالغاندا ، ئۇ يەرگە بېرىشتىن ۋاز كېچىپ مەككىگە قايتىپ كەلگەنىدى . بۇنى ئاڭلىغان خەلق توپ ـ توپى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى . ھەزرىتى ئائىشەمۇ قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشتى . ئۆمەر ئىبنى ئابدۇرەھماندىن رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەنىدى : «قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىگە ئۇلاردەك رىئايە قىلمىغان ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن بىر قوۋمنى كۆرمىدىم .» بۇ ئايەت مۇن-

ـداق ئىدى : «ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالـ ـسا ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار . ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا ، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزىنى توختاتقانغا قەدەر ) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار . ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ) قايتسا ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن ) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار»[1] .

① 49 ـ سۈرە ، 9 ـ ئايەت ؛ ئىمام مالىك : «بابۇت تەفسىر» .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون تۆتىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەرنى يارىتىشقا دەۋەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىر ساھابە قىزىنىڭ پىكرىنى سورىماي ۋە رازىلىقىنى ئالمايلا ئۇنى بىرەيلەنگە نىكاھلاپ قويغانىدى، قىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ يار- دەم سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزنىڭ ئاتىسىنى چاقىر- تىپ ئۇنىڭغا نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشنى ئېيتتى. قىز: «ئى رەسۇلۇللا! بۇ نىكاھنى قوبۇل قىلىمەن، مېنىڭ مەقسىتىم بىزگە راۋا كۆرۈلگەن ھوقۇقنى بىلىش ئىدى»[①] دېدى.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىشى مۇسۇل- مان ئاياللار ئىگە بولغان ھوقۇقنىڭ چەكلەنمەيدىغانلىقىنى كۆر- سىتىدىغان بىر دەلىلدۇر. ھەزرىتى ئائىشە زېھنى ئۆچۈق ئايال ئىدى. ئاياللارنىڭ جەڭگە قاتناشماي ھەجگە بېرىشى ئەمىر قىلىد- نىشتىن ۋە روپاش يۇرۇشكە دائىر ئەھكام نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بەزى جەڭلەرگە ئىشتىراك قىلغانلىقى مەلۇم[②]. ھەتتا بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ھەزرىتى ئائىشە بەدىر جېڭىگە قاتناشقان، ئۇھۇد جېڭىدە ياردارلارغا تۇلۇمدا سۇ توشۇپ بەرگەنىدى[③]. خەندەك جېڭىدە مۇسۇلمانلار مۇھاسىرىدە قالغاندا

---

① سۇنەنى نەسەئى: «بابۇل بىكر».
② «سەھىھۇلبۇخارى»: «بابۇ ھەججۇن نىسا».
③ «سەھىھۇلبۇخارى»: «غەزۋەتۇ ئۇھۇد».

ھەزرىتى ئائىشەمۇ جەڭدىن خەۋەرسىز قالمىغانىدى[1] .

ئاياللارنىڭ تەبىئىتىدىكى بەزى ئەھۋاللىرى ۋە دۆلەت باشلىقى ئۆتەشكە تېگىشلىك ئېغىر مەسئۇلىيەت ئۇلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىغا توسالغۇ بولاتتى . بۇ ۋەجىدىن ئاياللار دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمايتتى . بۇنىڭدىن ئاياللار سىياسىي ۋە ھەربىي ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلالمايدۇ دېگەن مەنە چىقمايدۇ . بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، ئىمام مالىك ، تەبەرى ، ئىمام ئەزەم ۋە باشقا ئالىملار ئاياللارنىڭ باشقۇرۇش ۋە ھوقۇققا دائىر ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالايدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى[2] . ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز دەۋرىدە بازار باشقۇرۇشقا بىر ئايالنى تەيىنلىگەنىدى[3] . ھەزرىتى ئائىشە ئاياللار بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغاندا ئۇلارغا ئىمام بولاتتى .

ھەج مەۋسۇملىرىدىن بىرىدە ئىككى ھەرەم (مەككە بىلەن مەدىنە ) ئاھالىسىدىن ئالتە يۈز كىشى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغانىدى . ئىككى كىشى كېرەكلىك تۆگىلەرنى تەييارلىغاندىن كېيىن ، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيىگە جەم بولدى . ھەزرىتى ئائىشە ئىبنى سەبە بىلەن پۈتۈن ئىسيانچىلارنىڭ مەدىنىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكتىن ئۇ يەرگە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرگەنىدى . بۇ مەسىلە تالاش ـ تارتىش قىلىنىپ ، نەتىجىدە بەسرە تەرەپكە بېرىش قارار قىلىندى . ھەزرىتى ئائىشەمۇ بەسرىگە قاراپ يول ئالدى . ھەزرىتى ئائىشەنى رەسۇلۇللانىڭ باشقا ئاياللىرى ئۇزىتىپ قويغانىدى ، ئۇ جامائەت بىلەن ۋىدالاشقاندا كۆز يېشى قىلىپ : «يا پەرۋاردىگار ، ھالىمىز نېچۈك بولدى ! قېرىنداشنىڭ قېنىغا

---

[1] «مۇسنەدى ئىبنى ھەنبەل» .
[2] فەتھۇل بارى : «بابۇ كىتابۇ رەسۇلۇللا» .
[3] «كىتابۇ ئەسمائىر رىجال» : «شىفائۇل ئادەۋىيە» .

www.uyghurkitap.com

تەشنا بولدى ، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۆيىنى تاشلاپ سەپەرگە چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ » دېگەنىدى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بەسرىگە بېرىشى مەككىگە قېچىپ بېرىپ ، كەئبىگە پاناھلانغان ئۇمەۋىيلەر ئۈچۈن بىر پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى . ئۇلار دەرھال ھەزرىتى ئائىشەنىڭ كارۋىنىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى . يولدا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بەسرىگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ، بەسرىگە بارغان ۋاقتىدا كارۋاننىڭ ئۈچ مىڭغا يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ نىشانى سۈلھىگە دەۋەت قىلىش ئىدى . ئۇمەۋىيلەر بولسا بۇ دەۋەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن ئاياغلىشىشىنى خالايتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىشىنى قىيىنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بۇ ھەرىكىتى نەتىجىسىدە ئۈچىنچى بىر كۈچنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئىغۋاگەرلەر شۇئان كىمنىڭ دۆلەت باشلىقى بولۇش مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى . بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلارنى ئىككىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش ھەققىدە پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ ، تىنچلىق ھەرىكىتىنى توسماقچى بولدى .

ھەزرىتى ئائىشە بۇ ئىغۋانى بىر تەرەپ قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى ، ئەمما يەنە بىر ئىغۋاغا دۇچ كەلدى . ئۇ مۇنداق ئىدى : باشلىق بولۇش مەسىلىسى كېيىن بىر تەرەپ قىلىناتتى ، لېكىن ، نامازلارغا كىم ئىمامەتچىلىك قىلىدۇ ؟ تەلھەمۇ ، زۇبەيرمۇ ؟ ھەزرىتى ئائىشە بۇ مەسىلىنىمۇ ھەل قىلدى . نامازلارغا تەلھە ۋە زۇبەيرنىڭ ئوغۇللىرى نۆۋەت بىلەن ئىمامەتچىلىك قىلىدىغان بولدى . ئۇلار خەۋئەب دەرياسىغا كەلگىنىدە دەريانىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ئىتلار كۆپچىلىكتىن قورقۇپ قاۋاشقا باشلىدى . ھەزرىتى ئائىشە بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : «ئاللاھ تائالا خەۋئەب ئىتلىرىنىڭ قايسىڭلارغا قاراپ قاۋاۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ !» دېگەن ھەدىسىنى ئېسىگە ئالدى ۋە كەينىگە قايتىش قارارىغا

كەلدى ، كارۋان بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى . كېيىن يېزىلىقلاردىن 50 كىشى بۇ يەرنىڭ خەۋىەب ئەمەسلىكىگە گۇۋاھ-لىق بەرگەندە ھەزرىتى ئائىشەمۇ ئۆزىدىن خاتىرجەم بولۇپ يولىغا راۋان بولدى . ھەزرىتى ئەلى ئائىشەنىڭ بۇ يەرگە كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا ، ئۇمۇ ئۇ يەرگە بېرىش مەقسىتىدە مەدىنىدىن يولغا چىقتى . بۇ خەۋەر ھەزرىتى ئائىشەگە يەتكەندە ، كارۋان تېز مې-ڭىپ بەسرىگە بېرىۋالدى . ھەزرىتى ئائىشە بۇ ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ :

«خەۋئەبگە يېتىپ بارغىنىمدا ئىتلارنىڭ قاۋاشقىنىنى ئاڭ-لاپ ، ئەمدى قايتىشىم كېرەك ، دېدىم . رەسۇلۇللا بىزگە : ‹ئە-جەبا خەۋئەبنىڭ ئىتلىرى قايسىڭلارغا قاۋاۋاتقاندۇ ؟ › دېگەنىدى . بۇ ھەقتە ماڭا : ‹قايتامسەن ؟ قايتما ، بەلكىم جانابىي ھەق ئىن-سانلار ئارىسىدا تىنچلىقنى سەن بىلەن ساقلار › دېگەنىدى»① .

بۇ رىۋايەتلەر بىزگە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەقەت تىنچلىق ۋە كۆ-ڭۈل ئازادىلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان-لىقىنى كۆرسىتىدۇ .

مەككە ، مەدىنە ۋە بەسرىلەردىن قالسا ، كۇفە ئەڭ چوڭ ئىسلام شەھىرى ئىدى . بۇ يەرنىڭ ھاكىمى ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئە-رى ئىدى . بۇ چاغلاردا ھەرقايسى گۇرۇھلار ئۆزلىرىنى ھەقلىق دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى خۇتبىلەردە كىشىلەرگە تەركىدۇنيا بولۇپ ، دۇنيا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى . ھەزرىتى ئائىشە كۇفە ئاقساقاللىرىغا مەكتۇپ-لارنى ئەۋەتتى . ھەزرىتى ئەلى بولسا ئەممار ئىبنى يەسىر بىلەن ئوغلى ھەزرىتى ھەسەننى ئەۋەتتى . ئەممار كۇفە مەسچىتىدە ئەھ-ۋال تونۇشتۇردى ۋە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەر-نى يەتكۈزگەندىن كېيىن : «جانابىي ھەق سىلەرنى ئاكى ھەق

---

① «مۇسنەدى ئىبنى ھەنبەل» .

www.uyghurkitap.com

بىلەن باتىلنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش ـ ئايرىيالماسلىقىڭلار
مەلۇم بولغۇچە سىنايدۇ » دېدى . ئەممارنىڭ بۇ تەسىرلىك سۆزلى-
رى بىرقانچە مىڭ مۇسۇلماننى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ھەممەيلەن ئىككىلىنىپ قالدى . چۈنكى ، بىر تەرەپ-
تە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە ، يەنە بىر تەرەپتە پەي-
غەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە كۈيئوغلى ھەزرى-
تى ئەلى تۇراتتى . ئەمدى بۇلارنىڭ قايسىسىغا قېتىلىش كېرەك ؟
ھەزرىتى ئائىشە بەسرىگە يېقىن بارغاندا شەھەردىكى ئاقساقاللارغا
مەكتۇپلارنى يېزىپ ، بىرنەچچە كىشىنى ئەۋەتتى . بەسرىگە يېتىپ
بارغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە باردى . قەبىلە ئاقساقاللى-
رىدىن بىرى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايتتى . ھەزرى-
تى ئائىشە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، تەكلىپىنى ئېيتقاندا ، ئۇ ئائىشەگە :
«ئانامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىقتىن خىجالەت بولىمەن» دېدى .
بەسرە ۋالىيسى ئوسمان ئىبنى ھەنىف ھەزرىتى ئەلى تەرىپى-
دىن تەيىنلەنگەندى . ئوسمان ئىبنى ھەنىف ، ئىمران بىلەن
ئەبۇل ئەسۋەدنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى . ئۇلار ھەز-
رىتى ئائىشەدىن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغان-
دى ، ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق جاۋاب بەردى : «قەسەم قىلىمەنكى ،
ماڭا ئوخشاش بىر كىشى مەخپىي مەقسەت بىلەن ئۆيىدىن چىقماي-
دۇ . ئانا ھەقىقەتنى بالىلىرىدىن يوشۇرمايدۇ . ئەھۋال مۇنداق :
بىر بۆلەك ئەركىن قەبىلىلەر رەسۇلۇللانىڭ ئۆيى ئورنىدا سانال-
غان مەدىنىگە ھۇجۇم قىلدى . ئۇ يەردە پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقانلار-
نى قانات ئاستىغا ئالدى . ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللانىڭ لەنى-
تىگە لايىقتۇر . ئۇلار ئەينى چاغدا گۇناھسىز خەلىپىنى ئۆلتۈر-
دى . ئۇنىڭ گۇناھسىز قېنىنى بىھۇدە تۆكتى . مال ـ مۈلكىنى
ئېلىش جائىز بولمىغانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالىدى .
يامان ئىشلار ھارام قىلىنغان ئاي — زۇلھەججىنىڭ ھۆرمىتىنى
بىر تىيىنگە ئالمىدى . ھەزرىتى ئوسماننىڭ شېھىت قىلىنىشى

خەلقنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنىڭ ناھەق تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولدى، ياتلارنى ئۆيلىرىگە كىرگۈزۈشنى خالىمايدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە مەجبۇرىي كىردى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنى قوغدىغۇدەك مادارى يوق. مەن تاشلاپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ قانچىلىك زېيىنىغا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە ئۇلار سادىر قىلغان جىنايەتلەرنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، يېنىمدىكى مۇسۇلمانلارنى ئېلىپ يولغا چىقتىم. جانابىي ھەق: «ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمىر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا،[①] دەيدۇ. بىزمۇ جانابىي ھەق بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممىگە ئەمىر قىلغان تىنچلىق دەۋىتى ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇردۇق. مەقسىتىمىز مانا شۇ».

ئىمران بىلەن ئەبۇل ئەسۋەد ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ زۇبەيرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئاندىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا يەنە كەلدى. ھەزرىتى ئائىشە ئەبۇل ئەسۋەدگە: «ئەبۇل ئەسۋەد! دىققەت قىل، نەپسىڭ سېنى جەھەننەمگە ئېلىپ بارمىسۇن» دېدى. ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زېيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار»[②].

بۇ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىدە بەسرە ۋالىيسى ئوسمان ئىبنى ھەنىف ئەۋەتكەن ئىككى كىشىنىڭ بىرى بولغان ئىمران بۇ ماجى-

① 4 - سۈرە، 114 - ئايەت.
② 4 - سۈرە، 135 - ئايەت.

رادىن قول ئۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ، بەسرە ۋالىيسىغىمۇ بۇ ئىش-
تىن قول ئۈزۈشنى تەۋسىيە قىلدى. لېكىن، ئوسمان ئىبنى
ھەنىف بۇ تەۋسىيىگە قۇلاق سالمىدى، جۇمە كۈنى بىر ئادەم
تېپىپ ئۇنىڭغا مۇنۇ خۇتبىنى ئوقۇتتى: «ئى ئىنسانلار! تاشقىرى-
دا توپلانغان كىشىلەر زالىملاردىن قېچىپ سىلەردىن ياردەم سو-
رىسا بۇنىڭ ئاساسى يوق. چۈنكى، ئۇلار مەككىدىن كېلىدۇ.
مەككىدە ھېچكىم بىر قۇشقىمۇ تېگەلمەيدۇ. ئۇنداق بولماي،
ئۇلار بىزدىن ئوسماننىڭ ئىنتىقامىنى ئالغىلى كەلسە، بىلىپ
قويسۇنكى، ئوسماننىڭ قاتىلى بىز ئەمەس. ئۇلار قەيەردىن كەل-
گەن بولسا شۇ يەرگە كەتسۇن.» بۇ، خۇتبە ئاڭلىغۇچىلارغا
تەسىر قىلغانىدى، جامائەتنىڭ ئىچىدە ئورنىدىن تۇرغان بىر
خاتىپ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «تاشقىرىغا توپلانغانلار
بىزگە: «سىلەر ئوسماننىڭ قاتىللىرى» دېيىشىۋاتامدۇ؟ ئۇلار
بۇ يەرگە ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى جازالاش ئۈچۈن بىزدىن ياردەم
تەلەپ قىلىپ كەلگەن. ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلانغان بولسا،
ئۇلارنى كىم قوغدايدۇ؟»
نۇتۇقلار مانا شۇنداق سۆزلىنىپ، خۇتبىلەر بىر - بىرىنىڭ
كەينىدىن ئوقۇلۇۋاتقاندا بىردىنلا ھەزرىتى ئائىشە بىلەن تەلھە ۋە
زۇبەير ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن بۇ جايغا كەلدى. ئاۋۋال تەلھە
ۋە زۇبەير ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى، كەينىدىن ھەزرىتى ئائىشە
ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىنتايىن سوغۇققان ۋە سىلىق سۆزلەر بىلەن
ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش-
كە باشلاپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئوقۇغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:
«ھەزرىتى ئوسمانغا ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەر كۆپ ئىدى. كىشى-
لەر ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىۋاتىدۇ.
مەدىنىگە كەلگەنلەر مەن بىلەن مەسلىھەتلەشتى ۋە بۇ ئەھۋالنى
تۈزەشنىڭ يولىنى سوراشتى. ئۇلار مېنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكى
ۋە تىنچلىقنى ساقلاش ئۈچۈن قىلغان سۆزلىرىمنى ئاڭلىدى.

ئۇلارنىڭ ئوسمان ھەققىدىكى شىكايەتلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلـ-
غاندىن كېيىن ، ئوسماننى گۇناھسىز ، ئاللاھدىن قورقىدىغان
سەمىمىي بىر ئادەم دەپ قارىدىم . پىتنە - پاسات تارقاتقانلار
بولسا گۇناھكار ، رەھىمسىز ۋە يالغانچى ئادەملەردۇر . ئۇلارنىڭ
تىللىرى بىلەن ئېيتقانلىرى دىللىرىدا يوشۇرغانلىرىغا ئۇيغۇن
كەلمەيدۇ . ئۇلار ئادەم ساننىڭ كۆپلىكىدىن پايدىلىنىپ ئوسماڭ-
نىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىشىپ ، ئۇنىڭ پاك قېنىنى تۆكتى . قول
تەگكۈزۈش ھارام بولغان مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالىدى .
ھۆرمەت قىلىنىشى پەرز قىلىنغان يەرلەرگە بىھۆرمەتلىك قىلـ-
دى . ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ، ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى
تۇتۇش ۋە ئۇلار ھەققىدە ئىلاھىي ئەھكاملارنى تەتبىق قىلىشتۇر .»
ھەزرىتى ئائىشە كەينىدىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى : «كىتابتىن
نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى )نى كۆرمە-
دىڭمۇ ؟ ئۇلار ئۆز ئارىسىدا (دەتالاش قىلىشقان ئىشلار توغرىسى-
دا ) ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا چاقىرىلسا ،
ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى بۇنىڭدىن (يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى
قوبۇل قىلىشتىن ) يۈز ئۆرۈيدۇ»[①] .
ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۆزلىگەن باشقا
بىر نۇتقىمۇ ئەسەرلەردە قەيت قىلىنغان . بۇ نۇتۇق پاساھەتلىكى
ۋە ئىپادىلەش شەكلى بىلەن يۇقىرىدىكى ئىزاھاتلاردىنمۇ ئۈستۈن
تۇراتتى . ھەزرىتى ئائىشە كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن
مۇنداق دېگەنىدى : «ئى ئىنسانلار ! مېنىڭ سىلەردە ئانىلىق ھەق-
قىم بار . سىلەرگە نەسىھەت قىلىش شەرىپىگە نائىلمەن . ئاللاھ-
نىڭ ئىتائەتكار قۇللىرىدىن سىرت ھېچكىم ماڭا بىر نېمە دېيەل-
مەيدۇ . رەسۇلۇللا مېنىڭ قۇچىقىمدا ئالەمدىن ئۆتتى . مەن ئۇ-
نىڭ ئايالى . جانابىي ھەق مېنى ھەر جايدا قوغداپ كەلدى . مەن

① 3 - سۈرە ، 23 - ئايەت .

بىلەن مۆمىن بولغانلار مۇناپىقلاردىن ئايرىلدى ۋە يەنە بىرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تەيەممۇم ئەھكامى نازىل بولدى. ئاتام ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدى، ھىرا غارىغا پاناھلانغان ئىككى دوستىنىڭ بىرى ئىدى، «سىددىق» نامىغا ئىگە بولغانلارنىڭ بىرىنچىسى ئىدى. رەسۇلۇللا ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ ئۇنى ئىمام قىلغانىدى. رەسۇلۇللانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسلام باغلىرى خازان بولۇشقا باشلىغاندا، ئاتام ئۇنى قايتا تىرىلدۇرگەنىدى. ئۇ پىتنە ـ پاساتنىڭ ئالدىنى ئالغان، دىندىن چىققانلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتقان، يەھۇدىيلارنىڭ ئىغۋالىرىنى تۈگەتكەنىدى. سىلەر ئۇ چاغدا پىتنە ـ پاساتقا سەۋر قىلمىساق، ئارامسىزلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالىمىز دەپ ئويلىغانىدىڭلار. لېكىن، ئۇ پۈتۈن پىتنە ـ پاساتلارنى يوقاتتى. ھەر دەردكە بىر دەرمان تاپتى. ئۇسسىغانلارغا سۇ بەردى، يولسىزلىقلارنى تۈگەتتى. قىسقىسى، ھەممە ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتتى. ئاتامدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە شۇنداق بىرى چىقىپ، ھەممىنى قوغدىدى ۋە ھەمىشە ناپاك ئىشلاردىن يىراق بولدى. دۈشمەنلەرنى جازالىدى، نادانلارنى ئەپۇ قىلدى. ئىسلامىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن كېچىلىرى كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ھەر يەردە، ھەر جەھەتتە، ھەر قەدەمدە قوۋمىگە رەھبەرلىك قىلىپ، پىتنە ـ پاساتنى يوقاتتى. ھازىر مەندىن نېمە ئۈچۈن لەشكەر بىلەن سەپەرگە چىققانلىقىمنى سورايسىلەر! مەن گۇناھنىڭ ئارقىسىدا يۈرمەيمەن. پىتنە ـ پاسات تېپىشنى خالىمايمەن. راست گەپ قىلىمەن. ئاللاھدىن بىزگە يول كۆرسىتىشنى ۋە بىزنى غەپلەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەيمەن.»

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بۇ نۇتقى شۇنداق تەسىرلىك ئىدىكى، ئۇنىڭغا قارشى بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇنىڭ ھەققىدە قارا سانىغانلار نىيىتىدىن ياندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا مۇنازىرە باشلاندى. ھەزرىتى ئائىشە

ئۆز گۇرۇھىغا كەينىگە قايتىش ئەمرىنى بەردى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ مەيدانغا چىقتى. ئۆكتىچىلەرنىڭ قوماندانى ھەكىم ئىسىملىك بىرى ئىدى. تىنچلىقپەرۋەر جەڭچىلەر سوكوت قىلىپ تۇرۇشاتتى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇلارغا سوغۇققان بولۇشنى تەۋسىيە قىلدى. لېكىن، ھەكىم قۇتراتقۇلۇق قىلدى. تىنچلىق تەرەپدارلىرى ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرمىدى. ھەزرىتى ئائىشە تەرەپكە تاش - كېسەك ئېتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەزرىتى ئائىشە جەڭچىلىرىگە ئۇرۇشماسلىقنى ۋە باشقا بىر يەرگە چېكىنىشنى ئەمىر قىلدى. ھەكىم ئۇ يەرگىمۇ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە چېكىندى. ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىر مەنزىل يىراققا كەتتى. ھەكىم تاڭ ئاتقاندا يەنە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىزىنى قوغلاپ، بىرمۇنچە بىھۆرمەت سۆزلەرنى قىلدى. مەلۇمكى، ئۇلار جەڭگە ھازىرلانغانىدى. ھەزرىتى ئائىشە ئۆز جەڭچىلىرىگە يەنە قارشىلىق بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئەمر قىلدى. لېكىن، ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى كىشىلەرنى بىزار قىلغانلىقتىن ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلغانلىقتىن جەڭگە ئاتلاندى. جەڭ بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ، نەتىجىدە سۇلھىگە كېلىشتى. تەلھە بىلەن زۇبەيرنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە خالاپ ياكى خالىماي بەيئەت[1] قىلغانلىقى مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن، مەدىنىگە بىر ۋەكىل ئەۋەتىش قارار قىلىنغانىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ خالاپ بەيئەت قىلغانلىقى ئېنىق بولسا بەسرە ئۇلارغا بېرىلەتتى، ئەكسىچە بولسا، ئۇ يەرنى تاشلاپ چېكىنەتتى.

تەلھە بىلەن زۇبەيرنىڭ ۋەكىلى بىر جۈمە كۈنى ساھابىلار پەيغەمبەر مەسچىتىدە ناماز ئوقۇۋاتقاندا مەدىنىگە يېتىپ باردى. نامازدىن كېيىن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «زۇبەير بىلەن

[1] بەيئەت — بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش — ت.

تەلھە قانداق بەيئەت قىلغانىدى؟ خالاپمۇ ياكى مەجبۇرلاش بىلەنمۇ؟» دېيىلگەندە پۈتۈن جامائەت جىمىپ كەتتى، ئاخىر ئۇسامە ئىبنى زەيد ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەجبۇرلاش بىلەن بەيئەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەنسارلاردىن سەھل ئىبنى ھەنىف ئۇسامەگە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى ئالدىغا تارتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سۇھەيب، ئەبۇ ئەييۇب ۋە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بىلەن باشقا ساھابىلار: «ئۇسامەنىڭ دېگىنى توغرا» دېيىشتى ۋە ئۇسامەنى سەھل ئىبنى ھەنىفنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. سۇھەيب ئۇسامەگە: «بىز قانداق جىم تۇرغان بولساق، سەنمۇ شۇنداق جىم تۇرۇۋشۇڭ كېرەك ئىدى» دېدى. ھەزرىتى ئەلىمۇ بەسرە ۋالىيسىغا: «خەلقنى مەجبۇرىي بەيئەت قىلدۇرۇش بولسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈشكە مەيدان ھازىرلاش ئۈچۈندۇر!» دەپ مەكتۇپ يوللىدى.

ئەلچى بەسرىگە قايتىپ كېلىپ مەدىنىدىكى ئەھۋالنى يەتكۈزدى. بۇ ئارىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەكتۇپى ئوقۇلدى. گۇرۇھلار شۇ چاغقىچە ئاشۇ مەسچىتتە ئاشۇ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، ئەرەبلەردىن بولمىغان قىرىق كىشى بۇ ۋەقەلەر سەۋەبىدىن ئۆكتىچىلەرگە قىلىچ چاپتى ۋە ئۆزلىرىمۇ قىلىچلاندى. بۇ چاغدا بەسرە ۋالىيسى بولغان ئوسمان ئىبنى ھەنىفمۇ تۇتقۇن قىلىنغانىدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى قويدۇرۇۋەتتى ۋە ئوسماننىڭ قاتىللىرىدىن باشقىسىغا تەگمەسلىكنى ئەمىر قىلدى. يەنە خەلقتىن قوللىرىدىكى قوراللارنى تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. ھەكىم بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالماي جەڭنى داۋاملاشتۇردى ۋە بىر كېچىسى ھەزرىتى ئائىشەنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ قارارگاھىغىچە بارغاندا مەسىلە ئايدىڭلاشتى، جەڭ بەسرە تىنچلىق تەرەپدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكىچە داۋاملاشتى. بەسرە ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى ھەزرىتى ئائىشەگە قوشۇلغانىدى. جەڭچىلەرگە بەسرىدىكى خەزىنىدىن ئايلىق بېرىلـ

دى . بۇ يەردىن مەدىنە ، كۇفە ، شام ۋە باشقا شەھەرلەرگە مەكـ-
تۇپلار يوللاندى .
ھەزرىتى ئائىشە كۇفەگە ئەۋەتكەن مەكتۇپتا مۇنداق دېگەنـ-
دى : «سىلەرگە ئاللاھنى ۋە ئىسلام دىنىنى ئەسلىتىمەن ، ئاللاھـ-
نىڭ كىتابى بويىچە ئىش قىلىشىڭلارنى سورايمەن . ئاللاھدىن
قورقۇڭلار ۋە قۇرئانغا چىڭ تايىنىڭلار . مەن بەسرىگە كېلىپ
خەلقنى قۇرئانغا دەۋەت قىلدىم . ياخشى ئادەملەر بۇ دەۋەتنى
قوبۇل قىلدى . تىنچلىققا قارشى تۇرغۇچىلار بىزگە قىلىچ بىلەن
ئىنكاس قايتۇردى ، ‹سىنىمۇ ئوسماننىڭ يېنىغا يوللايمىز › دې-
يىشتى . تەرسالىق قىلدى ۋە بىزنى كۇفرى دەپ ئەيىبلىدى .
بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ھاقارەت سۆزلىرىنى قىلدى . بىز ئۇلارغا
قۇرئاننى ئوقۇپ بەردۇق . ئۇلارغا : ‹كىتابتىن نەسىبى بولغانلار-
نىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ئەھكاملارغا دەۋەت قىلىنغانلىقىنى
كۆرمىدىڭلارمۇ ؟ › ، دېگەن ئايەتنى ئەسلەتتۇق . بۇنى ئاڭلىغانلار-
نىڭ بەزىلىرى بىزگە ئىتائەت قىلدى . بەزىلەر ئىختىلاپتا بولدى .
بىز ئۇلارغا ئىلتىپات قىلمىدۇق . بەسرە ۋالىيسى ئوسمان ئىبنى
ھەنىف بىز بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كىشىلەردىن ۋەدە ئالدى .
لېكىن ، ئاللاھ بىزگە مەدەت بېرىپ ، ئۇلارنى پەرىشان قىلدى .
بىز ئۇلارنى 26 كۈن ئاللاھنىڭ كىتابىغا دەۋەت قىلدۇق . گۇناھـ-
كارلاردىن باشقا كىشىنىڭ قېنى تۆكۈلمەسلىكنى ئاگاھلاندۇر-
دۇق . ئۇلار ماڭا تۆھمەت قىلماقچى بولسىمۇ ، بىز ئۇنىڭغا قارىـ-
ماي ئۇلار بىلەن تىنچلىق ئورنىتىشنى ئەۋزەل بىلدۇق . ئۇلار
سۆزلىرىدە تۇرمىدى . خىيانەتكارلىق بىلەن لەشكەر توپلىدى .
جانابىي ھەق بىزگە ئوسماننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشنى نېسىپ
قىلدى . پىتنىچىلەر ئىچىدە بىر كىشىدىن باشقا ھېچكىم قۇتۇلال-
مىدى . ئاللاھ بىزگە قەيس ، رەباب ، ئەزد قەبىلىلىرى ۋاستىسى
بىلەن ياردەمدە بولدى . سىلەرمۇ دىققەت قىلىڭلار ، ئوسماننىڭ
قاتىللىرىدىن باشقا ھەممە كىشىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار ،

www.uyghurkitap.com

قاتىللارنى قوغدىماڭلار ، ئۇلارنى قوللىماڭلار ، ئىلاھىي ئازابقا لايىق بولغانلارغا ياردەم قىلماڭلار . ئۇلارنى قوللىساڭلار سىلەرمۇ ئۇلارغا قوشۇلغان بولىسىلەر . »

ھەزرىتى ئائىشە باشقا كىشىلەرگە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدا مۇنداق دېگەنىدى : «خەلقنى قاتىللارغا ياردەم بېرىشتىن توسۇڭ. لار . ھەر كىم ئۆز ئۆيىدە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولسۇن . ھەزرىتى ئوسماننى ئۆلتۈرگەنلەر ھەر دائىم خەلقنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلدى . بۇنىڭ بىلەنلا قالماي كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا دەۋەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كۇفرى بەتنامى بىلەن قارىلىدى . مېنىڭ ھەققىمدە يامان گەپلەرنى قىلدى . ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەملەر بۇلارغا : «سىلەر ئوسماننى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا قالماي ، سىلەرگە ھەق يولنى كۆرسەتكەن پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىمۇ قارشى چىقتىڭلار . رەسۇلۇللانىڭ ساھابىلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭلار ، دې. دى . بۇ كىشىلەر بولسۇن ياكى بەسرىنىڭ ۋالىيسى ئوسمان ئىبنى ھەنىف بولسۇن ، 26 كۈن بىز بىلەن ئىختىلاپتا بولدى . بىز ئۇلارنى ھەر دائىم ھەق يولغا دەۋەت قىلدۇق . لېكىن ، ئۇلار ھەر دائىم ۋاپاسىزلىق قىلدى . تەلھە بىلەن زۇبەيرنىڭ بەيئىتىنى باھانە قىلىپ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا قارارگاھىمغا يوشۇرۇن كېلىپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى ، مېنى قوغداشقا مەسئۇل بولغان قەيس ، رەباب ۋە ئەزد قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئادەملەر ئۇلارنى توستى . پۈتۈن بەسرە تەلھە بىلەن زۇبەيرگە قوشۇلدى . قىساس. تىن كېيىن ئەپۇ ئېلان قىلىنىدۇ . »

بۇ ۋەقە ھىجرەتنىڭ 36 ـ يىلى رەبىيئۇل ئاخىر ئېيىنىڭ 26 ـ كۈنى يۈز بەرگەنىدى .

# ئون بەشىنچى باب

## جەمەل (تۆگە) ۋەقەسى

ھەزرىتى ئەلى مەدىنىدىن ئىككى يۈز كىشى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، كۇفەدە ئۆزىگە قوشۇلغان يەتتە مىڭ كىشى بىلەن بەسرىگە يول ئالدى. بەسرىگە يېتىپ بارغاندا جەڭچىلىرىنىڭ سانى يىگىرمە مىڭغا يەتكەنىدى. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلار بولسا ئوتتۇز مىڭچە كىشى ئىدى. ئىككى تەرەپ روبىرو كەلدى. ھەر قەبىلە رەقىبى بولغان قەبىلىگە قارشى ھالەتتە تۇردى. كىشىگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىئاراملىق بولمايتتى. پۈتۈنلەي سىياسىي مەقسەتلەر ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچ قېرىنداشلارنى بىر - بىرىگە رەقىب قىلغانىدى. تېخى تۈنۈگۈنلا دۈشمەنلەرگە قارشى بىرلىكتە جەڭ قىلغان قېرىنداشلار بۈگۈن بىر - بىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتى. ھەزرىتى زۇبەير: «مۇسۇلمانلار ئۆيۈل تاشتەك مۇستەھكەم ئىدى، بۈگۈن بۇ تاشنى پارچىلاشتى» دېدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ قارايتتى. ھېچكىمنىڭ يول قويۇش نىيىتى يوق ئىدى. بەزى كۇفەلىك ئاقساقاللار بەسرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۆزلىرىگە تەۋە كىشىلەرگە پىتنىدىن قول ئۈزۈشنى تەۋسىيە قىلدى. لېكىن، ئۇلاردىن: «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىنى يالغۇز تاشلىۋەتمەيمىز» دېگەن جاۋابنى ئالدى.

قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن بىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ يېنىغا بېرىپ، يارىشىش تەكلىپىنى بەردى. ھەزرىتى ئەلى سۈلھىگە رازى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئۇ تەلھە بىلەن

www.uyghurkitap.com

زۇبەيرنىڭ يېنىغىمۇ باردى . ئۇلارمۇ قوبۇل قىلدى . كېيىن ئۇ ھەزرىتى ئائىشەگە خىتابەن مۇنداق دېدى :

— ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ! بۇ ھەرىكەتتىن مەقسىتىڭىز نېمە ؟

ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق جاۋاب بەردى :

— ئوسماننىڭ قاتىللىرىنى جازالاپ ، كىشىلەرنى بىرلىك ـ باراۋەرلىككە دەۋەت قىلىش !

— ئۇنداقتا ھەرىكىتىڭىزنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈڭ . بەش يۈز قاتىل ئۈچۈن بەش مىڭ كىشىنىڭ قېنى زايە بولدى . ئەمدىلىكتە بەش مىڭ كىشىنىڭ قېنى ئۈچۈن يەنە مىڭلىغان كىشىنىڭ قېنى ئاقىدۇ . تىنچلىق دېگەن شۇنداق بولامدۇ ؟

بۇ سۆزلەر شۇنداق تەسىرلىك ئۇسلۇبتا ئېيتىلغانكى ، ھېچ- كىم جاۋاب بېرەلمىگەندى ۋە ھەممە كىشى سۇلھىنى قوبۇل قىلغانىدى .

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇش پىكرىدىن ۋاز كەچتى . تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا گۇمان قالمىغانىدى . لېكىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرى تىنچلىق بولسا پالاكەتكە ئۇچرايدىغانلىقى ، جازالىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، پىتنە ـ پاساتنى توختاتمىدى . ھەزرىتى ئەلىنىڭ قول ئاستىدا ئىبنى سەبە گۇرۇ- ھىغا تەۋە نۇرغۇن ئادەم بار ئىدى . ئۇلارنىڭ نىشانى مۇسۇلمانلار- نى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشقا سېلىش ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلار ئۇرۇش ۋە قالايمىقانچىلىقلار پۈتۈنلەي بېسىققان ، كىشىلەر شې- رىن ئۇيقۇدىكى چاغدا قارشى تەرەپكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ پۈتۈن تىنچلىق تەشەببۇسلىرىنى يوققا چىقاردى . ھەزرىتى ئەلى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى توسماقچى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ھېچكىمگە گەپ ئاڭلىتالمىدى ھەم ئۆزىمۇ قوراللىق جەڭ- گە ئاتلاندى ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى ۋاپاسىزلىق قىلدى

ۋە ئەھدىنى بۇزدى دەپ ئەيىبلەشتى .
بۇ جەڭ تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى . ھەزرىتى ئائىشە ئۇشتۇمـ-
تۇت مەيدانغا كەلگەن بۇ غوۋغانىڭ نېمىلىكىنى سوراپ ، ھەممەيـ-
لەننىڭ جەڭگە كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى . بەسرىنىڭ قازىـ-
سى كەئب ئۇرۇشنى توسۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ھەزرىتى
ئائىشەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ۋەزىيەتكە ئارىلىشىشنى تەلەپ قىلـ-
دى . ھەزرىتى ئائىشە ئورنىدىن تۇرۇپ ، جەڭچىلەرنىڭ ئارىسىغا
كېلىپ تەلھە بىلەن زۇبەيرنى چاقىردى . ئۇچەيلەن ئاتلىق كۆزدـ-
ىتىپ تۇرۇشتى . بىر تەرەپتە بەدىر قەھرىمانلىرى ، يەنە بىر
تەرەپتە ئۇھۇد جەڭگىۋارلىرى تىغمۇتىغ ئېلىشىپ ، بىر - بىرىگە
قىلىچ چېپىشاتتى . ھەزرىتى ئەلى بىردىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسساـ-
لامنىڭ بىر ھەدىسىنى ئېسىگە ئالدى . تەلھە بىلەن زۇبەيرمۇ
ئۇنىڭ بىر چۈشىنى ئېسىگە ئالدى . زۇبەير بىردىنلا ئېتىنى
بۇراپ مەدىنىگە قاراپ يول ئالدى . ئۇنى كۆرگەن سەبە گۇرۇھىغا
مەنسۇپ ئىبنى جۇرمۇز ئىسىملىك بىرى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ
ماڭدى . ھەزرىتى زۇبەير بىر مەنزىلگە يېتىپ ، ئېتىدىن چۈشۈپ
ناماز ئوقۇۋاتقاندا ، ئىبنى جۇرمۇزنىڭ بىر قىلىچ ئۇرۇشى بىلەن
شېھىت بولدى . ئىبنى جۇرمۇز ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا
قىلىپ ھەزرىتى ئەلىگە ئېلىپ بارغانىدى ، ئەلى بۇنى كۆرۈپ خاپا
بولۇپ : «زۇبەير رەسۇلۇللانىڭ ئالدىدا قانچىلىغان تەھدىتلەرنى
قىلىچ بىلەن بەربات قىلغانىدى» دېدى . تەلھە قايتماقچى بولغانـ-
دى ، ئۇنى كۆرگەن مەرۋان ئۇمەۋىيلەرنىڭ توسالغۇسى دەپ قارىـ-
غان تەلھەگە زەھەرلىك ئوق ئېتىپ تەلھەنى ئۆلتۈردى . ھەزرىتى
ئائىشە كەئبكە ئۆز كىتابىنى بەردى . كەئب بۇ كىتابنى ئېچىپ ،
ئىككى تەرەپنى سۈلھىگە چاقىرغانىدى . خائىنلار ئۇنىمۇ بىر ئوق
بىلەن ئۆلتۈردى .
چۈش ۋاقتى ئىدى . قوشۇن قوماندانلىرى جەڭ مەيدانىدىن
يىراقلاشقانىدى . ئائىشەنىڭ تەرەپدارلىرى ئاجىز كەلگەن بولسىـ-

مۇ ، لېكىن جەڭچىلەرنىڭ غەزىپى بېسىلمىغانىدى . قارشى تەرەپ-
نىڭ لەشكەرلىرى ھەزرىتى ئائىشەنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ھاقارەتلىد-
مەكچى بولدى . كۇفەلىكلەر تەلھە بىلەن زۇبەيرنىڭ ۋاپاتىدىن
كېيىن پۈتۈن لەشكىرىي كۈچلىرى بىلەن ھەزرىتى ئائىشەگە
ھۇجۇم قىلدى . ئائىشە تەرەپدارلىرى ئۇنىڭ تۆت تەرىپىنى توراپ
بارلىق كۈچى بىلەن مۇداپىئە قىلدى . ئۇلار ئاخىرقى بىر تامچە
قېنى قالغۇچە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىدا بولىدىغانلىقىغا ۋەدە
بەرگەنىدى . ھەزرىتى ئائىشەنى مۇداپىئە قىلغۇچىلار ئادىي ، بەكىر
ئىبنى ۋائىل ، ئەزد ، بەنى ناجىيە قوشۇنلىرى ئىدى . ئۇلار ھۇ-
جۇم قىلغانلارنى چېكىندۈرەتتى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تۆگىسىنى
يېتىلىگەنلەر ئىچىدە بىرى يىقىلسا ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرى
كېلەتتى . مۇشۇنداق قىلىپ يەتمىش كىشى جان تەسلىم قىلدى .
ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرمۇ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىدا ئىدى . ئۇ
ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تۆگىسىگە يېقىن كەلگەنلەرنى بىر ــ بىرلەپ
ئاتاتتى . ھەزرىتى ئەلى بۇ مالىمانىنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن شەخ-
سەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى .

بۇ چاغدا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تۆگىسىنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ
يىقىلدى ، ئەممار ئىبنى ياسىر بىلەن مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكىر
دەرھال يېتىپ كەلدى . مۇھەممەد ئاچىسىنىڭ تەختىراۋانىغا قو-
لىنى ئۇزىتىپ ، ئۇنىڭ يارىلانغان ــ يارىلانمىغانلىقىنى سورىدى .
ھەزرىتى ئائىشە تەختىراۋاننىڭ ئىچىگە يات بىر قولنىڭ كىرگەن-
لىكىنى كۆرۈپ : «بۇ قايسى مەلئۇننىڭ قولى ؟» دەپ ۋارقىرى-
دى . مۇھەممەد ئائىشەگە ئۆزىنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ئىكەنلىكى-
نى ئېيتتى . ئائىشە ئۇنىڭغا : «سەن يامان ئادەم ئىكەنسەن»
دېدى . ھەزرىتى ئەلىمۇ كېلىپ ، ھەزرىتى ئائىشەگە بىرەر
زىيان ــ زەخمەت يەتكەن ــ يەتمىگەنلىكىنى سورىدى . كېيىن ،
ئۇنى ئۆز تەرەپدارلىرىدىن بىر بەسرىلىكنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ قويدى . يارىدار بولغان بەسرىلىكلەرمۇ شۇ يەردە ئىدى .

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئىبنى ئابباس ھەزرىتى ئائىشەنى يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى . ھەزرىتى ئائە-شە ئىنىسى مۇھەممەدنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدىكى قىرىق ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىجازغا قاراپ يول ئالدى .

ھەزرىتى ئائىشە مېگىش ئالدىدا : «قەسەم قىلىمەنكى ، ئەلى-گە ھېچقانداق دۈشمەنلىكىم يوق . ئارىمىزدا پەقەت بىر ئايال بىلەن ئېرىنىڭ تۇغقىنى ئارىسىدا بولىدىغان مۇناسىۋەتتىن باشقا بىر ئىش يوق» دېگەنىدى . ھەزرىتى ئەلىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنكاستا بولدى ، ئاندىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ كارۋىنىنى يولغا سېلىپ قويدى . ھەج مەۋسۇمىگە بىرنەچچە ئاي قالغانىدى ، شۇ ۋەجىدىن ھەزرىتى ئائىشە مەككىگە باردى . ھەجدىن كېيىن مەدى-نىگە قايتىپ ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە قوشنا بولۇپ تۇردى . ھەزرىتى ئائىشە بىر ئۆمۈر تىنچلىق ئۈچۈن سەرپ قىلغان بۇ تىرىشچانلىقىنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقى ئۈستىد-دە ئويلىناتتى ۋە شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان توقۇنۇشلارنى كۆڭۈل يېرىمچىلىقى بىلەن ئەسلەيتتى . ئىبنى ئەبى شەيبە «مۇسنەد» ناملىق ئەسىرىدە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ : «مۇندىن يى-گىرمە يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ ، كاشكى ! » دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ . تەبەرىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، بىر كۈنى بەسرىلىكلەردىن بىرى ھەزرىتى ئائىشەنى مەدىنىدە زىيارەت قىلغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭدىن : «سەن ئۇرۇشتا بىز بىلەن بىللىمىدىڭ ؟ » دەپ سورىغان . ئۇ : «ھەئە» دېگەن . ھەزرىتى ئائىشە جەڭ كۈنى «ئى ، ئانىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دېگەن مەنىدە شېئىر ئوقۇغان كىشىنىڭ كىملىكىنى سورىغانىدى ، ئۇ : «ئۇ شېئىرنى ئوقۇغان مېنىڭ قېرىندىشىم ئىدى» دېگەندە ، ھەزرىتى ئائىشە تەسىرلىنىپ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆككەنىدى . «سەھىھۇل-بۇخارى»دا ئېيتىلىشىچە ، ھەزرىتى ئائىشە ھاياتىدا چوڭ بىر خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ، ۋاپات بولغاندا پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە قويۇلماسلىقىنى ؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىنىڭ يېنىغا ( «بەقىي» قەبرىستانلىقىغا ) دەپنە قىلىنىشىنى ۋەسىيەت قىلغانىدى[1] . ئىبنى سەئد ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تۆگە ۋەقەسىدىن كېيىن : «ئى پەيغەمبەر ئاياللىرى ، ئۆيلىرىڭلاردا قارار تېپىڭلار !» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ ، ئۆيىنى تاشلاپ بۇ ئىشنىڭ كەينىدە يۈرۈپ خاتا قىلغانلىقىنى ۋە قۇرئاننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەققىدىكى ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئويلاپ ئىنتايىن بىئارام بولغانلىقى ۋە پۇشايمان قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ .

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «كىتابۇل جەنائىز» .

# ئون ئالتىنچى باب

## ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى ئائىشە ئارىسىدىكى يىرىكچىلىك

بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بوھتان ۋەقەسىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلغان سۆزلىرىگە خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىغانلىقىنى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما ھەزرىتى ئائىشە ھەزرىتى ئەلىگە قارىتا يامان پىكىردە بولدى، دەيدىغان قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى، يازغان مەكتۇپلىرىغا دىققەت قىلغىنىمىزدا، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇنىڭ ھەزرىتى ئەلى ھەققىدە ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ، زەربە بېرىشۋېلىش كويىدا بولمىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى «جەڭ» ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا كۈشكۈرتكەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئىغۋا-گەرچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ تاپقان ئىشى ئىدى.

ئىبنى سەبە گۇرۇھىدىكىلەر ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىككە ھەممىدىن لايىق ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ-نىڭغا بۇ ئورۇننى ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى ئېيتىشاتتى. ھەزرىتى ئائىشە بۇلارغا جاۋابەن: «رەسۇلۇللا بېشىنى مېنىڭ قۇچىقىمغا قويغان ھالدا جان ئۈزدى. بۇنداق ۋەسىيەت قىلغان بولسا ئالدى بىلەن مېنىڭ خەۋىرىم بولاتتى. ئۇنداقتا بۇ ۋەسىيەت قاچان قىلىنغان؟» دېگەنىدى. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بۇ جاۋابى ھەرگىز ئۇنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە قارشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، ھەزرىتى

www.uyghurkitap.com

ئائىشە بۇنىڭ بىلەن بىر تارىخىي مەسىلىنى ئىزاھلىغانىدى.

بىر كۈنى بىر ئادەم ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى سورىدى : «ئاندىن بىر كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق . ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ) ، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر . ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر»[1] . ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق جاۋاب بەردى : «بۇ ئۈچ پىرقىنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ . چۈنكى ، بۇ ئايەتتىن كېيىن ‹بۇلار ئەدەن جەننىتىگە كىرىدۇ› دېيىلىدۇ . ياخشىلىقتا بەسلەشكەنلەر ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز ئالدىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلەر ئۇنىڭ خۇش خەۋىرىگە نائىل بولغانلاردۇر . ئوتتۇرا ھالدىكىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تامامەن يولداش بولغانلار ، ھەتتا ئۇ يولدا ئەزىيەت چەككەنلەردۇر . ئۆز نەپسىلىرىگە زۇلۇم سالغۇچىلار بولسا ، ساڭا ۋە ماڭا ئوخشاشلاردۇر .»

ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۆگە ۋەقەسىگە قاتناشقان تەرەپدارلىرىدىن بولغان ئەممار ئىبنى ياسىر ھەزرىتى ئائىشەنى زىيارەت قىلىپ كەلگەنىدى . ئەممار ھەزرىتى ئائىشەگە : «ئانا !» دەپ خىتاب قىلغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە : «مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلار ئەمەس !» دېدى . ئەممار : «ئېتىراپ قىلىڭ ـ قىلماڭ ، سىز بىزنىڭ ئانىمىز» دېدى . بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئائىشە : «يېنىڭدىكى كىم ؟» دەپ سورىغانىدى ، ئەممار : «ئەشتەر» دەپ جاۋاب بەردى . ھەزرىتى ئائىشە ئەشتەرگە خىتابەن : «تاغامنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان سەن ئەمەسمۇ !» دېگەندە ، ئەشتەر : «ئۇ

---

[1] 35 ـ سۈرە ، 32 ـ ئايەت .

مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، مەنمۇ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇم» دېدى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭغا: «ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ ھېچقاچان ياخشىلىق كۆرمەيتتىڭ!» دېدى. ئىبنى ھەنبەلنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «دىندىن چىققان، زىنا قىلغان ۋە قىساسى بارلاردىن باشقا ھېچقانداق مۆمىننىڭ ھاياتىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنمايدۇ.» بۇلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تۆگە ۋەقەسىدە ھەزرىتى ئائىشە ھېچقاچان قان تۆكۈلۈش تەرەپدارى بولغان ئەمەس ئىدى.

كېيىنچە، ئۇمەۋىيلەر ھەزرىتى ئەلىگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكەندە، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى دەۋالارنى چوڭايتىۋەتكەن ۋە تۈرلۈك تەشۋىقاتلارنى قىلىشقانىدى. مەسىلەن، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەزرىتى ئائىشەنى قارىلىغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىنى، قۇرئاندا ئېيتىلىشىچە ئائىشەنى قارىلىغۇچىلارنىڭ دوزىخى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشقانىدى. قۇرئاندا كىنايە بىلەن ئېيتىلغان شەخسىنىڭ ئەلىدىن باشقا بىرى ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىشقانىدى.

بىر قېتىم ئىمام زۇھرى ئۇمەۋىيلەردىن ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ يېنىدىكى ۋاقتىدا، ۋەلىد بوھتان ۋەقەسى تىلغا ئېلىنغان ئايەتنى ئوقۇغان ۋە بۇ يەردە ئايەتنىڭ ئىغۋاگەرلەرنىڭ چوڭ بىر ئازابقا ئۇچرايدىغانلىقىنى بايان قىلغان قىسمىنىڭ ئەلىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدى. ئىمام زۇھرى ۋەلىدنىڭ بۇ خاتا چۈشەنچىسىگە ناھايىتى خاپا بولغان ۋە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ: «ئەلى ئائىشەنىڭ شەنىنى ئېتىراپ قىلغانلاردىندۇر» دېگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ۋەلىد بۇ سۆزگىمۇ قايىل بولمىغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل ۋاقتىدا ئابباس بىلەن ئەلىنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كەلگەنىدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇنى رىۋايەت قىلغاندا: «رەسۇلۇللا ئابباس بىلەن باشقا بىر زاتقا يۆلىنىپ كەلدى» دېگەن. يامان نىيەتلىك كىشى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

لەر ھەزرىتى ئائىشە ھەزرىتى ئەلىدىن رەنجىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ رىۋايەتتە ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قولىدا ھەزرىتى ئاباسقا، يەنە بىر قولىدا بەزىدە ئۇسامەگە، بەزىدە ئەلىگە يۆلىنىپ كەلگەنلىكتىن، ھەزرىتى ئائىشە ھەر ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئەلىدىن رەنجىپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى، رىۋايەتنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئىدى[1].

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھەزرىتى ئەلىدىن رەنجىمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردىن بىرى ئۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدۇر: بىر كۈنى ھەزرىتى ئائىشەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممىدىن كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى سورالغاندا، ئۇ: «رەسۇلۇللا ھەممىدىن پاتىمەنى ياخشى كۆرەتتى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرلەر ئىچىدە ھەممىدىن كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى سورالغاندا، ئۇ: «پاتىمەنىڭ ئېرىنى. چۈنكى، ئۇ نامازنى كۆپ ئوقۇيتتى ۋە روزىنى كۆپ تۇتاتتى» دېگەنىدى.

ھەزرىتى ئائىشە ئۆزىگە پەتىۋا بېرىشنى مۇراجىئەت قىلغانلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ يېنىغا ئەۋەتەتتى. ھەزرىتى ئەلى سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭغا زىياپەت بېرەتتى.

ھەزرىتى ئەلى كۇفەدە خاۋارىجلار[2] تەرىپىدىن شېھىت قىلىنىدى. ھەزرىتى ئائىشە ھەزرىتى ئەلىنىڭ شېھىت بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا ناھايىتى قايغۇرۇپ: «ئاللاھ ئەلىگە رەھمەت قىلسۇن، ئۇ بىر سۆزنى ياقتۇرغاندا ‹ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى توغرا ئېيتتى› دەيتتى. ئىراقلىقلار ئۇنى ناھەق ئەيىبلىدى» دېگەنىدى.

---

① «سەھىھۇلبۇخارى»: «زىكرۇ ۋەفاتىن نەبى».

② خاۋارىجلار — ئايرىلىپ چىققۇچىلار؛ ھەزرىتى ئەلىنى مۇرەسسەچىلىكتە ئەيىبلەپ ئۇنىڭدىن ئايرىلغانلار.

# ئون يەتتىنچى باب

## مۇئاۋىيە دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە

ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكى تۆت يىل داۋاملاشتى . ئۇ-
نىڭدىن كېيىن مۇئاۋىيە تەختكە چىقتى . ئۇ يىگىرمە يىلچە ھۆكۈم
سۈردى . ھەزرىتى ئائىشە مۇئاۋىيە دەۋرى ئاياغلىشىشقا ئىككى
يىل قالغاندا ۋاپات بولدى . ھەزرىتى ئائىشە بۇ مۇددەتنى سۈكۈت
ئىچىدە ئۆتكۈزگەنىدى . بىر قېتىم مۇئاۋىيە مەدىنىگە كېلىپ
ھەزرىتى ئائىشەنى زىيارەت قىلغانىدى ، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭغا :
«سەن بۇ يەرگە قورقماي ، تارتىنماي قانداق كەلدىڭ ؟ بۇ يەردە
سېنى بىرسى ئۆلتۈرۈۋەتمەسمۇ ؟ » دەپ سورىدى . مۇئاۋىيە : «بۇ
يەر تىنچ جاي ، ئىمانى بار ئادەم قەستەن ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ »
دېدى . كەينىدىن ھەزرىتى ئائىشەدىن ئۆزىگە قارىتا قانداق مۇئا-
مىلىدە ئىكەنلىكىنى سورىدى . ئائىشە ياخشى ۋە توغرا مۇئامىلىدە
ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . بۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە : «ئۇنداقتا ، ھاشى-
مىيلار جەمەتى بىلەن ئارىمىزدىكى ئاداۋەتنى بىزگە تاشلاڭ . ئۇلار
بىلەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا يارىشىمىز » دېدى .

ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرىدىن ھىجر ئىبنى ئەدىي كۇفەدە
ئەلەۋىي گۇرۇھىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئىدى . بۇ ئادەم بەزى كى-
شىلەرنىڭ شاھىتلىقى بىلەن كۇفە ۋالىيسى تەرىپىدىن نەزەربەند
قىلىنىپ شامغا ئەۋەتىلگەنىدى . ھىجر كىندە قەبىلىسىدىن ئى-
دى . كۇفەدە كىندە قەبىلىسىدىن ھېچكىم يوق ئىدى . شۇ ۋەجى-
دىن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان كىشى چىقمىغانىدى . ھەزرىتى
ئائىشە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ساھابىلاردىن بولغان

www.uyghurkitap.com

ھىجرنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن دەرھال بىر ئادەمنى ئەۋەتتى . بۇ ئادەم شامغا يېتىپ بارغۇچە ھىجر ئۆلتۈرۈلگەنىدى . مۇئاۋىيە مەدىنىنى زىيارەت قىلغان چاغدا ھەزرىتى ئائىشە بۇ ئىشنى ئۆ-رۈپ ، ئۇنىڭغا : «ھىجر ئۆلتۈرۈلگەندە قەيەردە ئىدىڭ ؟ ئاللاھدىن قورقمىدىڭمۇ ؟ » دېدى . مۇئاۋىيە بۇ جەھەتتە ئۆزىدە بىرەر ئەيىب-نىڭ يوقلۇقىنى ، ئەيىبنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە شاھىتلىق قىلغانلاردا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .

ئىراق بىلەن مىسىر خەلقى ھەزرىتى ئوسمانغا ، شام خەلقى ھەزرىتى ئەلىگە قارشى ئىدى . خاۋارىجلار بولسا ھەر ئىككىسىگە قارشى ئىدى . ئائىشە بۇ گۇرۇھلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگىنىدە : «قۇرئاندا : ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەڭلار › دېيىلگەن بولسىمۇ ، بۇلار ساھابىلارغا تىل تەگكۈزۈۋاتىدۇ !» دېگەنىدى[1] .

خاۋارىجلار گۇرۇھىنىڭ ئەسلىي نامى خارۇرىييە ئىدى . بىر قېتىم بىر ئايال ھەزرىتى ئائىشەدىن : «روزىنىڭ قازاسى جائىز ئىكەن ، نامازنىڭ قازاسى نېمىشقا جائىز بولمايدۇ ؟ » دەپ سورى-غانىدى ، ھەزرىتى ئائىشە بۇ سوئالغا قارىتا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ : «سەن خارۇرىييەدىنمۇ ؟ » دېدى[2] . بۇنىڭدىن ھەزرىتى ئائىشە-نىڭ خارۇرىييەدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ .

بىر قېتىم مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئائىشەگە مەكتۇپ يوللاپ ، ئۇنىڭدىن ئىخچام بىر نەسىھەت تەلەپ قىلغانىدى ، ھەزرىتى ئائى-شە مۇنداق جاۋاب بەردى : «رەسۇلۇللادىن ئاڭلىدىمكى ، بىر ئادەم ئىنسانلارنىڭ ئەمەس ، ئاللاھنىڭ رىزاسىنى ئېلىشقا تىرىش-سا ، جانابىي ھەق ئۇنى ئىنسانلارنىڭ رىزاسىنى ئالمىغانلىقى ۋەجىدىن بولىدىغان تۈرلۈك يامانلىقلاردىن قوغدايدۇ . ئاللاھنىڭ

---

① «سەھىھۇلمۇسلىم» : «كىتابۇت تەفسىر» .
② «سەھىھۇلبۇخارى» : «كىتابۇل ھەيز» .

رىزاسىنى بىر ياقتا قايرىپ قويۇپ، ئىنسانلارنىڭ رىزاسىنى ئىلىشقا تىرىشقۇچىلارنى ئاللاھ ئىنسانلارغا تاشلايدۇ.»
مۇئاۋىيە ئوغلى يەزىدگە بەيئەت قىلغاندا، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىنىسى ئابدۇرەھمان بۇنىڭغا قارشى چىققانلىقتىن، مەرۋان ئۇنى تۇتقۇن قىلماقچى بولغان. ئابدۇرەھمان ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە پاناھلانغانىدى. مەرۋان ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي: «بۇ ئۆي شۇنداق كىشىنىڭ ئۆيىدۇركى، ئۇنىڭ ھەققىدە (ئەھقاف) سۈرىسىنىڭ 17 ـ ئايىتى نازىل بولغانىدى» دېگەن. ھەزرىتى ئائىشە بۇنى ئاڭلاپ: «ياق، مېنىڭ ھەققىمدە پەقەت بىر ئايەت نازىل بولغان. ئۇ ئايەت مېنىڭ ئاقلانغانلىقىمنى جاكارلايتتى» دەپ جاۋاب قايتۇرغانىدى. بۇنىڭدىنمۇ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يەزىدگە بەيئەت قىلىش تەرەپدارى ئەمەسلىكى ئۇقۇلىدۇ.

## ھەزرىتى ھەسەننىڭ دەپنە قىلىنىشى

ھەزرىتى ھەسەن ھىجرەتنىڭ 49 ـ يىلى مۇئاۋىيە دەۋرىدە ۋاپات بولغانىدى. ھەزرىتى ھەسەن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەرنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن، بۇ ۋەسىيەتنى ئورۇنداش جەريانىدا بىرەر غوۋغا ياكى ماجىرا چىقارماسلىقنى تاپىلىغانىدى. مەرۋان بۇ ۋەسىيەتكە قارشى چىقتى. ھەزرىتى ھۈسەيىن بولسا ۋەسىيەتنى ئورۇنداشتا چىڭ تۇردى. بۇ ۋەقە ھاشىمىيلەر بىلەن ئۈمەۋىيلەرنىڭ قوراللىنىشىغا سەۋەب بولدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىغا كىرىپ مەرۋانغا: «ھۈسەيىن قېرىندىشىنى چوڭ دادىسىنىڭ يېنىغا كۆمۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ ساڭا نېمە زەرەرى بار؟» دېدى. ئاندىن ھۈسەيىنگە قاراپ: «مەر-

ھۆمىنىڭ ۋەسىيىتى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىش مۇمكىن بولمىسا ، غوۋغا ياكى جېدەل تېرىماي باشقا يەرگە دەپنە قىلىنىش ئەمەسمىدى ؟ » دېدى . بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ قان تۆكۈشتىن ۋاز كەچكەن ، ھەزرىتى ھەسەن بەقىي قەبرىستانلىقىدا ئانىسى ھەزرىتى پاتىمەنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغاندى .

بۇ ۋەقەگە قارىتا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق ئىدى ؟ شىئە مەزھىپىدىكى بەزى تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ھەزرىتى ئائىشە ھەزرىتى ھەسەننىڭ جىنازىسى ئۆتىدىغان يولدا تۇرۇپ جەڭچىلىرىگە ئوق ئېتىشقا ئەمىر قىلغان ، لېكىن بۇ چاغدا قېرىندىشى كېلىپ : «تېخى تۆگە ۋەقەسى ئۇنتۇلماي تۇ-رۇپ ، يەنە بىر جەڭگە ئاتلىنامسەن ؟ » دېگەن . ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭ بىلەن كەينىگە قايتقانىدى . بۇ رىۋايەتنى تەبەرىنىڭ ئەسە-رىنىڭ ھىندىستاندا بېسىلغان بىر پارسچە تەرجىمىسىدە كۆر-دۇق . شۇ ئەسەرنىڭ ئەرەبىستاندا بېسىلغان ئەسلىي ئەرەبچە نۇس-خىلىرىنى بىر - بىرلەپ تەتقىق قىلغان بولساقمۇ ، ھېچ يەردىن بۇنداق بىر رىۋايەتنى ئۇچراتمىدۇق . بۇنىڭدىن پارسچە تەرجىمىدە نۇرغۇن جايلار تاشلىنىپ ، ئورنىغا بەزى نەرسىلەرنىڭ قوشۇلغان-لىقىنى چۈشىنىمىز .

تارىخچى ئەبۇل فىدا ، بەنى ھاشىم بىلەن بەنى ئۇمەييە ئارى-سىدا تالاش - تارتىش چىققاندا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ : «بۇ ئۆي مېنىڭ مۈلكۈم ، مەن ھېچكىمنىڭ بۇ يەرگە كۆمۈلۈشىگە رۇخ-سەت قىلمايمەن» دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ . لېكىن ، بۇ رىۋايەت ئىشەنچلىك ئەمەس . ئىبنۇل ئەسىر بىلەن باشقا ئىشەنچ-لىك تارىخچىلار ھەزرىتى ئائىشەنىڭ رازىلىق بىلەن رۇخسەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . مۇئاۋىيەنىڭ مەدىنىدىكى ۋالىيسىمۇ بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغانىدى . مەرۋان بولسا بۇ ئىغۋانى پىلانلاپ ، ھەزرىتى ھەسەننىڭ ئۇ يەرگە دەپنە قىلىنىشىنى توسقانىدى . ئەسلىدە ھەزرىتى ھۈسەيىنمۇ قېرىندىشىنىڭ باشقا يەرگە دەپنە

قىلىنىشىنىڭ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ ئورۇندالمىغانلىقى ھېسابلان-مايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. تەبەقاتنىڭ كىتابلىرى بىلەن ئىشەنچلىك تارىخچىلار بۇ ۋەقەنى پۈتۈنلەي باشقىچە نەقىل كەلتۈرىدۇ. ھەدىسشۇناس ئىبنى ئابدىلبەر «ئىستىئاب» ناملىق ئەسىرىدە، ئىبنۇل ئەسىر «ئۇسدۇل غابە» ناملىق ئەسىرىدە، سۇيۇتى «تارىخۇل خۇلەفا» ناملىق ئەسىرىدە ھەزرىتى ھەسەن ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭ يېنىدا بولغان بىر زاتنىڭ مۇنۇ رىۋايىتىنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ:

ھەزرىتى ھەسەن مۇنداق دېگەن: «ۋاپات بولغىنىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشىم ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ رۇخسىتىنى تەلەپ قىلغانىدىم، ئۇ رۇخسەت قىلغانىدى. بەلكىم ئۇنىڭ بۇ تەستىقى ئەدەپ يۈزىسىدىندۇر. ئالەمدىن ئۆتكىنىمدە بۇنى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىڭلار. قوبۇل قىلسا مېنى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىڭلار. لېكىن، ھەر ھالدا بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمامدىكىن دەپ ئويلايمەن. بۇنداق بىر كۆڭۈلسىز-لىك بولسا، ئۇنداق مۇراجىئەت قىلماڭلار ۋە مېنى بەقىي قەبرىس-تانلىقىغا دەپنە قىلىڭلار ...». ھەزرىتى ھەسەن ۋاپات بولغاندا ھەزرىتى ھۈسەيىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا بارغان. ھەزرىتى ئائىشە: «مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىمەن» دېگەن. مەرۋان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: «بۇنداق ئىش بولمايدۇ، ھە-سەننى ھەرگىزمۇ ئۇ يەرگە دەپنە قىلىشقا بولمايدۇ. ھەزرىتى ئوسماننى دەپنە قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغان تۇرسا، ھەسەننى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىشنى ئويلىشىپتىمۇ؟» دەپ قار-شى چىققانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون سەككىزىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ۋاپاتى

ھەزرىتى ئائىشە مۇئاۋىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىغىچە ياشىغانىدى. ئائىشە ھىجرەتنىڭ 58 ـ يىلى كېسەل بولۇپ قالـغان، ئۇنىڭ كېسىلىدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر ئۇنى يوقلاپ كېلىشكەنىدى[1]. بۇ چاغدا ھەزرىتى ئائىشەنى زىيارەت قىلغان ئىبنى ئابباس: «ئائىشە ئەزەلدىن مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى، پەيـغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالى ئىدى. ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تەيەممۇم ھۆكۈمى نازىل بولغان. 'قۇرئان كەرىم'نىڭ ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن نازىل بولغان ئايەتلىرىنى مۇـسۇلمانلار مەسچىتلەردە، مېھرابلاردا ئوقۇيدۇ» دېگەندە، ھەزرىـتى ئائىشە ئۇنىڭغا: «ئىبنى ئابباس! مېنى بۇنداق ماختىما!» دېگەنىدى[2].

ھەزرىتى ئائىشە ۋاپات بولۇش ئالدىدا: «مېنى رەسۇلۇللاـنىڭ يېنىغا ئەمەس، باشقا ئاياللىرىنىڭ يېنىغا، يەنى بەقىي قەبـرىستانلىقىغا دەپنە قىلىڭلار. چۈنكى، مەن رەسۇلۇللادىن كېيىن چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزدۇم» دېگەن ۋەسىيەتنى قالدۇرغانىدى.

ھەزرىتى ئائىشە ھىجرەتنىڭ 58 ـ يىلى رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى (مىلادى 678 ـ يىلى 13 ـ ئاپرېل) كېچىسى ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ۋاپاتى

---

① ئىبنى سەئد: «جۈز ئون ئىسا».

② بۇخارى: «كىتابۇل جەنائىز».

پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر قايغۇغا سالغانىدى . پۈتۈن مەدىنىلىكلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئۇنىڭ جىنازىسىغا ئەگىشىپ ماڭغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە ۋاپات بولۇش ئالدىدا جىنازىسىنىڭ توختىتىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلغانلىقتىن ، جىنازىسى شۇ كېچىلا كۆتۈرۈلۈپ ، ئەر - ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن زور جامائەت ئۇنى قەبرىستىگىچە ئۇزىتىپ بارغانىدى . ئۇممۇ سەلەمە شۇ چاغدا : «ئاللاھ ئائىشەگە رەھمەت قىلسۇن . ئاتىسىدىن قالسا ، ئۇنى ئەڭ ياخشى كۆرگەن زات رەسۇلۇللا ئىدى» دېگەنىدى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مېيىت نامىزىنى شۇ چاغدا مەدىنىنىڭ رەھبىرى بولغان ئەبۇ ھۇرەيرە ئىمام بولۇپ چۈشۈرگەن . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ جيەنلىرى قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكىر ، ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبى بەكىر ، ئابدۇللا ئىبنى ئەتىق ، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرلەر مېيىتنى دەپنە قىلغان[①] . مەدىنىدە كىشىلەر : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرىمىنىڭ يەنە بىر مەشئىلى ئۆچتى !» دەپ ياش تۆكۈشكەن .

① ھەكىم : «مۇستەدرەك» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئون توققۇزىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشە تەربىيىلىگەن بالىلار

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆز پۇشتىدىن پەرزەنتى يوق ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئاغرىنمايتتى. لېكىن، ئەرەب ئېسىلزادىلىرى ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆز ئىسىملىرى بىلەن ئاتالماي، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن سالاھىيەت نامىنى ئاتايدىغان بولغاچقا، ھەزرىتى ئائىشەمۇ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللانىڭ ئىسمىنى سالاھىيەت نامى قىلىپ، «ئۇممۇ ئابدۇللا» نامى بىلەن تونۇلغانىدى. ئىبنۇل ئەرەبى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ «ئۇممۇ ئابدۇللا» نامى بىلەن تونۇلغانلىقىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ «ئابدۇللا» ئىسىملىك بىرەر بالا باقىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئەمما، بۇ رىۋايەتنى قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە، بۇ رىۋايەتنىڭ دەلىلى ئىنتايىن ئاجىز. ئىشەنچىلىك ھېچقانداق بىر رىۋايەتتە بۇ مەسىلە تىلغا ئېلىنمىغان.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ جىيەنى بولغان ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتىدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن تۇنجى مۇسۇلمان پەرزەنتى ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ بالىنى بېقىۋېلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنىدى. ئابدۇللامۇ ئائىشەنى ئۆز ئانىسىدىن چارە ياخشى كۆرەتتى. ھەزرىتى ئائىشە ئابدۇللادىن باشقا بالىلارنىمۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنىدى[①]. پەيغەمبەر

---

① ئىمام مالىك، ئەل مۇۋەتتە: «كىتابۇز زەكات».

ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئائىشەنىڭ ئەنسار قىزلىرىدىن بىرىنى چوڭ قىلىپ تالالىق قىلغانلىقى ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان .

ھەزرىتى ئائىشە تەربىيىلىگەن بالىلار ئارىسىدا مەسرۇق ئىبنى ئەجدە ، ئەمرا بىنتى ئائىشە بىنتى تەلھە ، ئەسما بىنتى ئابدۇل رەھمان ئىبنى ئەبى بەكىر ، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ، قاسىم ئىبنى مۇھەممەدلەر بار ئىدى . قاسىمنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللا ئىبنى يەزىر بىلەن يەنە باشقا پەرزەنتلەرمۇ ھەزرىتى ئائىشە چوڭ قىلغانلارنىڭ سېپىدىدۇر . ھەزرىتى ئائىشە قېرىندىشى مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكىرنىڭ قىزلىرىنىمۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۇرگەن ۋە بۇ قىزلارنى چوڭ قىلغاندىن كېيىن ياتلىق قىلغاندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئەخلاقى ۋە ئادەتلىرى

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ياشلىق مەزگىلىدىن ئەقلىي جەھەتتە يېتىلگەن ۋاقتىغىچە بولغان ھاياتى گۈزەل ئەخلاقىنىڭ كاتتا نەمۇنىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆتكەندى . ئەڭ يۈكسەك تەربىيىنى ئىنسانلارنىڭ ئۇستازىدىن ئالغان ھەزرىتى ئائىشە ئەخلاقىنىڭمۇ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىدە تۇراتتى . ھەزرىتى ئائىشە تەقۋادار ، تىز يۈكمەس ، قانائەتچان ، شەپقەتلىك ۋە ئىبادەتنى ئەلا بىلىدىغان ئايال ئىدى .

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پىداكارلىقى

ئاياللىق بىلەن پىداكارلىق بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى ئۇقۇمدەك كۆرۈنىدۇ . لېكىن ، ھەزرىتى ئائىشەدە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مۇجەسسەملەنگەنىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە تۇرمۇشنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتقانىدۇق . ھەزرىتى ئائىشە ھېچقاچان تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن زارلانمىغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى چاغدا ماددىي جەھەتتىن باياشات تۇرمۇش كەچۈرمىگەن بولسىمۇ ، باشقىلارنىڭ باياشات ياشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە قانائەتچانلىقنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلەتتى .

## پەرزەنتلەرگە ياردىمى

ھەزرىتى ئائىشە بالا يۇزى كۆرمىگەن بولسىمۇ ، مۇسۇلمان باللارنى ، بولۇپمۇ يېتىم باللارنى بېقىپ ، تەربىيلەپ يېتىشتۇرۇپ ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلغانىدى . ئۇ بۇنداق قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ قارايتتى .

## ئىتائىتى

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئەمرىگە ئىتائەت قىلاتتى . ئۇنى خۇرسەن قىلىشنى ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپە دەپ بىلەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشمەكچى ۋە ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىماقچى بولغانلار ھەزرىتى ئائىشە ۋاسىتىسى بىلەن مۇراجىئەت قىلاتتى . ئائىشە كېچە - كۈندۈز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلاتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلچىلىك رەنجىشى ئۇنى ئىنتايىن بىئارام قىلاتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھېچقانداق تەكلىپىنى رەت قىلمايتتى[①] .

## غەيۋەت ۋە باشقا ناچار خۇيلاردىن يىراق تۇرۇشى

ھەزرىتى ئائىشە ھېچكىمنى رەنجىتمەيتتى . ھېچكىمگە ياماللىق قىلمايتتى . مىڭلىغان رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ بىرەر كىشى ھەققىدە بىرەر يامان گەپ قىلغانلىقى كۆرۈلمەيدۇ . بىر ئۆي ۋە بىر ئەرگە ئۆزى بىلەن تەڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان باشقا ئاياللارغا

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇل ئىئتىسام بىس سۇننە» .

يامان كۆز بىلەن قاراش ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىدى . ھەزرىتى ئائىشە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىدىن بىرىگە بىرەر قېتىممۇ قوپال ياكى سوغۇق چىراي بىلەن قارىمىغانىدى . ئەكسىچە ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ھۆر- مەت بىلەن ئۆزىگە سىڭدۈرگەنىدى . شائىر ھەسەن ئائىشەگە يامان- لىق قىلغان بولسىمۇ ، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا زادىلا خاپا بولمىغانەك مۇئامىلە قىلاتتى . بىر كۈنى بەزى كىشىلەر ھەسەن ھەققىدە سۆزلىشىپ ، ئۇنىڭ بوھتان ۋەقەسىدە ئېغۋاگەرلەر بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان- لىقىنى ئەيىبلىگەن . ھەزرىتى ئائىشە بولسا ئۇلارغا : «ھەسەن ھەققىدە يامان گەپ قىلىش بىزگە ياراشمايدۇ . چۈنكى ، رەسۇلۇل- لا ئۇنى مۇشرىك شائىرلارغا جاۋاب بەرگۈزەتتى » دېگەنىدى① .

بىر قېتىم ھەزرىتى ئائىشە بار يەردە بىر ئادەم ھەققىدە سۆز بولغان . ھەزرىتى ئائىشە ئۇ كىشىگە ياخشى نەزەر بىلەن قارىماي- دىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن . لېكىن ، ئۇ كىشىنىڭ ۋاپات بولغانلى- قى ئېيتىلغاندا ، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇ ئادەم ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەنىدى . ئۇ يەردە بولغانلاردىن بىرى ھەزرىتى ئائىشەگە : «تېخى يېقىندا بۇ ئادەمنى ياقتۇرمايدىغان- لىقىڭىزنى ئىپادىلىگەنىدىڭىز ، ئەمدى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىۋاتى- سىز ، بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە ؟ » دېگەندە ، ھەزرىتى ئائىشە : «رە- سۇلۇللا بىزگە : ‹ئۆلگەنلەرنى ياخشىلىق بىلەن ئەسلەڭلار ، دەپ ئۆگەتكەن » دەپ جاۋاب بەرگەن .

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «مەناقىبۇ ھەسەن» .

## ئېھساننى قوبۇل قىلماسلىقى

ھەزرىتى ئائىشە ھېچكىمنىڭ ئېھساننى قوبۇل قىلمايتتى. ئەگەر قوبۇل قىلسا شۇئان بەدىلىنى قايتۇراتتى. بىر قېتىم ئىراقتىن كەلگەن غەنىيمەتلەر ئارىسىدىن ئازراق مەرۋايىت چىقىقاندى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇنى ھەزرىتى ئائىشەگە بېرىش تەكلىپىنى بەرگەن ۋە بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنغاندى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ مەرۋايىتلارنى ئېلىپ: «يارەببىم! مېنى ئۆمەرنىڭ ھەدىيىلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ياشاشتىن ساقلىغايسەن!» دېگەنىدى[①].

## ماختىلىشتىن خۇش بولماسلىقى

ھەزرىتى ئائىشە ماختىلىشتىن خۇش بولمايتتى. يۇقىرىدا ئۇنىڭ ۋاپاتى ئالدىدا ئىبنى ئابباسنىڭ ئۆزىنى ماختىغىنىغا قانداق قارشى چىققانلىقىنى كۆرگەنىدۇق. ئىبنى ئابباس ھەزرىتى ئائىشەنى زىيارەت قىلغاندا، ئائىشە ئۇنىڭ ئۆزىنى ماختىغىلى كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ، بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغانىدى[②].

## ئىززەت - غۇرۇرى

ھەزرىتى ئائىشە بارلىق كەمتەرلىكى ۋە كىچىك پېئىللىقى بىلەن بىرگە، يەنە ئىنتايىن تەمكىن ۋە ئىززەت - غۇرۇرلۇق ئىدى. بوھتان ۋەقەسىنى بايان قىلغاندا كۆرسەتكىنىمىزدەك، ئائىشەنىڭ بىگۇناھلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنىڭغا

---

① ھەكىم: «مۇستەدرەك».
② «سەھىھۇلبۇخارى».

www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت ئېيتىشنى ئېيتقان . ئائىشە
پەقەت جانابىي ھەققە شۈكۈر قىلىدىغانلىقى ، ھېچكىمدىن مىننەت-
دار بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ جىيەنى ئابدۇللا ھامىيسىنى ئىنتايىن
ھۆرمەت قىلاتتى . بىر كۈنى ئابدۇللا ھامىيسىنىڭ مەردلىكىنى
توسماقچى بولۇپ ، ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغان-
دا ، ھەزرىتى ئائىشە بۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا خاپا بولغان . نەتىجىدە
بىرقانچە زاتنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ياراشقانىدى[①] .

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ جاسارىتى

ھەزرىتى ئائىشە ئىنتايىن جەسۇر ئايال ئىدى . كېچىلىرى
ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆزى يالغۇز قەبرىستانلىقتا باراالايتتى . ئۇ-
رۇش مەيدانلىرىدا جەڭچىلەرگە خىزمەت قىلاتتى . ئۇھۇد جېڭىدە
بىر تۇلۇمنى كۆتۈرۈپ يارىدارلارغا سۇ بەرگەنىدى[②] .
خەندەك جېڭىدىكى ناھايىتى خەتەرلىك پەيتلەردە ئاياللار تۇرغان
قەلئەدىن سىرتقا چىقىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ
تۇرغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە جەڭلەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئىجا-
زەت سورايتتى ، لېكىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىل-
مايتتى[③] . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تۆگە ۋەقەسىدە جەڭچىلىرىنى مۇ-
كەممەل باشقۇرۇشى ۋە ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىشى ئۇنىڭ جاسا-
رىتىنى كۆرسىتىدۇ .

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «زىيارەتۇل قۇبۇر» .
② «سەھىھۇلبۇخارى» : «زىكرۇ ئۇھۇد» .
③ «سەھىھۇلبۇخارى» : «ھەججۇن نىسا» .

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مەردلىكى

ھەزرىتى ئائىشەنى ئاللاھنىڭ ئالاھىدە قىلغان ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ مەردلىكى ئىدى. ئائىشەنىڭ ئاچچىسى ئەسمامۇ مۇشۇ سۈپەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىبنى زۇبەير: «بۇ ئاچا - سىڭىللاردىنمۇ مەرد ئادەمنى كۆرمىدىم» دەيدۇ. ھەزرىتى ئائىشە قولىغا كىرگەننى جەملەپ، كېيىن موھتاجلارغا تارقىتاتتى. ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورالسا، ئاز بولسىمۇ بېرەتتى. قولىدا بىر تال خورما قالغان بولسىمۇ ئۇنى بەرمەي قالمايتتى. بۇ جەھەتتە «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ.» دېگەن ئايەت ئۇنىڭ قىبلىنامىسى ئىدى[1]. بىر قېتىم مۇئاۋىيە ھەزرىتى ئائىشەگە يۈز مىڭ دىرھەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ شۇ كۈنىلا بۇ پۇلدىن بىر دىرھەمنىمۇ قالدۇرماي ھەممىسىنى موھتاجلارغا تارقىتىپ بەرگەنىدى. ئۇ كۈنى ھەزرىتى ئائىشە روزا تۇتقانىدى. خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا: «بۈگۈنگە لايىق بىر نەرسە قالدۇرسىڭىز بولۇپتىكەن» دېگەندە ھەزرىتى ئائىشە: «بالدۇراق شۇنداق دېسەڭ بولماسمىتى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ھەزرىتى ئائىشە ئۆزى ئولتۇرغان بىر ئۆينى مۇئاۋىيەگە سېتىپ، پۇلىنى موھتاجلارغا تارقىتىپ بەرگەنىدى.

## رەھىمدىللىكى ۋە ئاللاھدىن قورقىشى

ھەزرىتى ئائىشە مەرھەمەتلىك ئايال ئىدى. قەلبى ئاللاھقا بولغان قورقۇنچ بىلەن تولغانىدى. ئۇ ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى

---

[1] 99 - سۈرە، 7 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە تەھەججۇد نامىزى (كېچىلىك ناماز ) ئوقۇيتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ نامازنى تەرك ئەتمىگەنىدى . بىر كۈنى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇۋاتقاندا جىيەنى قاسىم كەلگەنىدى . ئائىشە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، قاسىم ئۇنىڭدىن قايسى نامازنى ئوقۇغانلىقىنى سورىغاندا ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇيدىغان تەھەججۇد نامىزىنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتقان .

ھەزرىتى ئائىشە رامىزاندا تەراۋىھ نامازلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى . قۇلى زەكۋان ئىمام بولاتتى . ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇيتتى .

ھەزرىتى ئائىشە كۆپىنچە كۈنلىرىنى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزەتتى . بىر قېتىم ئەرەفات كۈنى روزا تۇتقان بولۇپ ، ھاۋانىڭ ئىنتايىن ئىسسىقلىقىدىن ھالىدىن كەتكەنىدى . ئىنىسى ئابدۇرەھمان روزىسىنى بۇزۇشنى ئېيتقاندا ، ھەزرىتى ئائىشە : «رەسۇلۇللادىن ئاڭلىدىم ، ئەرەفات كۈنى روزا تۇتقان كىشىنىڭ بىر يىللىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ » دەپ جاۋاب بەرگەنىدى .

ھەزرىتى ئائىشە ھەج پەرزىنى كەم قويماي ئورۇنداشقا تىرىشاتتى . ھەر يىلى ھەجگە باراتتى . ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز دەۋرىدە ھەزرىتى ئوسمان بىلەن ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنى پەيغەمبەر ئاياللىرى بىلەن بىرلىكتە ھەجگە ئەۋەتەتتى . پەيغەمبەر ئاياللىرىنىڭ ھەجدە بولىدىغان ئورۇنلىرى بەلگىلىك ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفات مەيدانىنىڭ چېگرىسىدا ئۇلارغا ئېگىز جايدىن بىر ئورۇن بەلگىلەپ بەرگەنىدى . ئەگەر ھەج قىلغۇچىلار بەك كۆپ بولسا ، ئۇلار چېدىرلىرىنى يەنىمۇ نېرىغا تىكەتتى . پەيغەمبەر ئاياللىرىنىڭ يېنىدىكىلەر ئۇ يەردە بولغان مۇددەتتە تەكبىر ئېيتاتتى . ئەنئەنە بويىچە ھەجدىن كېيىن يەنە زۇلھەججە ئېيىدا ئۆمرە ھەج قىلىناتتى . كېيىن مۇھەررەم ئېيى كۆرۈنگەن كۈندە ئۆمرە ھەجگە نىيەت قىلىنىدىغان بولغانىدى .

## قۇللارغا شەپقىتى

ھەزرىتى ئائىشە تەرىپىدىن ھۆرلۇككە ئېرىشكەن قۇللارنىڭ سانى 62گە يېتەتتى . مەدىنىدە ياشايدىغان بۇدەيرە ئىسىملىك بىر چۆرە خوجايىنىغا بىرئاز پۇل تۆلەش بىلەن ھۆرلۇككە ئېرىشمەكچى بولۇپ كىشىلەردىن ياردەم سورىغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ، پۇلنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ ئۇنى ئازاد قىلىپ قويغانىدى[1] . بىر قېتىم ھەزرىتى ئائىشە كېسەل بولۇپ قالغانىدى . بىرەرسىنىڭ ئۆزىنى قارغىۋېتىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ چۆرىسىنى چاقىرىپ ، كاللىسىدىكى گۇماننى ئۇنىڭغا ئېيتقاندا ، چۆرە : «شۇنداق ، ئۆلسەڭ قۇتۇلاتتىم دەپ قارغىغانىدىم» دېگەن . ھەزرىتى ئائىشە ئۇنى ھۆرلۇككە ئېرىشتۈرگەن .

## يوقسۇللارغا ياردىمى

ھەزرىتى ئائىشە يوقسۇللارغا ئەھۋالىغا قاراپ ياردەم قىلاتتى . بىر كۈنى بىر تىلەمچى كەلگەندە ئۇنىڭغا بىر پارچە نان بەرگەن . كېيىن ئۇستىۋېشى تۈزۈك بىر تىلەمچى كەلگەندە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىپ تاماققا تەكلىپ قىلغانىدى . ھەزرىتى ئائىشەدىن بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : «ھەركىمگە لايىقىدا مۇئامىلە قىلىڭلار» دېگەن ھەدىسىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى[2] .

---

① «سەھىھۇلبۇخارى» ، «سەھىھۇلمۇسلىم» : «مۇسنەدى ئەھمەد» .
② ئەبۇ داۋۇد : «كىتابۇل ئەدەپ» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## ئەرلەردىن ھايا قىلىشى

ھەزرىتى ئائىشە ئەرلەردىن ئىنتايىن ھايا قىلاتتى. بىر قېتىم ھەج مەۋسۇمىدە ئاياللار ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە «ھەجەرۇل ئەسۋەد»نى زىيارەت قىلماقچى بولغاندى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇلارغا: «سىلەر ئەرلەر بىلەن بىللە مېڭىۋېرىدىكەنسىلەر، مەن ئۇلار بىلەن بىللە ماڭمايمەن» دېدى[1]. ئۇ كەئبىنى ئەرلەر كەتكەندىن كېيىن تاۋاپ قىلاتتى.

خىزمەتكارلىرىدىن ئىسھاقنىڭ كۆزلىرى كۆرمەيتتى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇنى قوبۇل قىلغاندا يۈزىنى يېپىۋالاتتى. بىر كۈنى ئىسھاق ئائىشەگە: «مەن ئەما تۇرساممۇ يۈزىڭىزنى يېپىۋالىدىكەنسىز. مەن سىزنى كۆرەلمەيمەن» دېگەندى، ھەزرىتى ئائىشە: «شۇنداق، سەن مېنى كۆرەلمەيسەن، ئەمما مەن سېنى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

---

① «سەھىھۇلبۇخارى»: «كىتابۇل ھەج».

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇرىمەن . بىرى ئاللاھنىڭ كىتابى ، يەنە بىرى ئائىلەمدۇر» دېگەنىدى[1] . بۇ ھەدىستە دېيىلمەكچى بولغىنى شۇ ئىدىكى : قۇرئان ئۆزىنىڭ چۈشىنىشلىكى بىلەن ئىنسانلارنى تەتبىقلاشقا تېگىشلىك ئۆلگىلەرگە موھتاج قىلمايدىغان ھالەتتە ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قۇرئاننىڭ سىرلىرىنى ، ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بايانلىرىنى تەپسىر قىلىدىغان كىشىلەرگە ھەمىشە ئېھتىياج تۇغۇلاتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ، بۇ كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى . «ئەھزاب» سۈرىسىدىمۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن بېشارەت بېرىلگەن .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە ھەزرىتى ئائىشەگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ئائىشەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىم - تەربىيىسىدىن ياخشى بەھرىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىنىدەك ، شەخسەن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قابىلىيىتىمۇ بۇنىڭدا زور رول ئوينىغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەھلى بەيت (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ) ئىچىدە ھەزرىتى ئائىشە پەرقلىق تۇراتتى . ئۇ قۇرئاننىڭ كامالەتكە يەتكەن مۇپەسسىرى (تەپسىرچىسى ) ، سۈننەتنىڭ ئەڭ كاتتا

---

① «سەھىھۇلمۇسلىم» : «كىتابۇل فەزائىل» .

شەرھلىگۈچىسى ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئۇستازى ئىدى .

شۇ سەۋەبتىن ، ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-نىڭ باشقا ئاياللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئەر - ئايال ساھابىلاردىنمۇ ئۇستۇن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى . تىرمىزى ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىنىڭ مۇنۇ رىۋايىتىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ : «ساھابىلاردىن بولغان بىز بىرەر ھەدىسنى چۈشىنەلمەي ، ئۇنى ھەزرىتى ئائىشەدىن سورىغىنىمىزدا ، ئۇ جەزمەن بۇ ھەدىسكە قارىتا بىر نەرسىلەرنى دەپ بېرەلەيدىغانلاردىن ئىدى . »

نۇرغۇن ساھابىلارغا شاگىرت بولغان ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ : «ھەزرىتى ئائىشە فىقھەدە ئەڭ بىلىملىك ، باشقا ئىلىملەردە ئەڭ چوڭقۇر بولغىنىدەك ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىمۇ ئەڭ ياخشى پىكىرلىك ئىدى » دەيدۇ .

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئوغلى ئەبۇ سەلەمە : «قۇرئان-دىن ، رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسىدىن ۋە فىقھەدىن ھەزرىتى ئائىشە-دەك خەۋەردار بولغان بىرىنى كۆرمىدىم » دەيدۇ .

بىر كۈنى مۇئاۋىيە كىشىلەرنىڭ بىرىدىن : «ئەڭ بۈيۈك ئالىم كىم ؟ » دەپ سورىغاندا ، ئۇ ئادەم : «سىز » دېگەنىدى . مۇئاۋىيە : «راست گەپ قىل ! » دەپ تۇرۇۋالغاندا ، ئۇ : «ئائىشە » دەپ جاۋاب بەرگەنىدى .

زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ : «قۇرئانغا ، ھالال - ھارامغا ، ئىلىمگە ، شېئىرغا ، تىبابەتكە ، تارىخ ۋە نەسەب ئىلمىگە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەدەك يېتۈك كىشىنى كۆرمىدىم . »

باشقا بىر رىۋايەتتە ھەزرىتى ئائىشە تەربىيىلەپ يېتىشتۈر-گەن بىر زاتتىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بىلىمى توغرىسىدا سورالغان-دا ، ئۇ : «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، پېشقەدەم ساھابىلار-نىڭ ھەزرىتى ئائىشەدىن ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى سوراۋاتقانلى-

قىنى كۆردۈم» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى .
ھەدىسلەرنى يادلاش ۋە سۈننەتلەرنى تارقىتىش ئىشلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىمۇ ئورۇندايتتى . لې- كىن ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مەرتىۋىسىگە ئېرىشەلمىگەنىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىلمى ۋە ئىجتىھاتى

ھەزرىتى ئائىشە كىتاب (قۇرئان)، سۈننەت (ھەدىس) ۋە ئىسلامىي ئەھكاملار ھەققىدىكى ئىلىملەردە ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئاببىاسلار بىلەن تەڭ سەۋىيىدە تۇراتتى. تۆۋەندە ھەزرىتى ئائىشە ئىگەللىگەن ئىلىملەر ئۈستىدە بىر - بىرلەپ توختىلىمىز.

### «قۇرئان كەرىم»

ھەزرىتى ئائىشە «قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇشقا باشلانغاندىن كېيىنكى 14 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلانغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن 10 يىلغا يېقىن بىللە بولغانىدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى رەسۇلۇللا ھەزرىتى ئائىشەنى تېخى نىكاھىغا ئالمىغان چاغدا نازىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما رەسۇلۇللا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىنى ھەمىشە زىيارەت قىلىپ تۇرغانلىقتىن ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە ياسالغان مەسچىتتە ھەمىشە قۇرئان ئوقۇپ تۇرغانلىقتىن، تۇغما ئەقىللىق ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۈچلۈك بولغان ھەزرىتى ئائىشە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولماي تۇرۇپلا قۇرئان بىلەن تونۇشقانىدى. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «(ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت

ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر . قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر ، تېخىمۇ جاپالىقتۇر . ›[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا مەن تېخى ئويناپ يۈرۈيدىغان سەبىي قىز ئىدىم »[2] .

قۇرئان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدە كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەندى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قولى بولغان ئەبۇ يۇنۇس ھەزرىتى ئائىشەگە بىر قۇرئان نۇسخىسىنى تەييارلاپ بەرگەندى . قۇرئاننىڭ ئوقۇلۇشىدىكى پەرق كۆپرەك ئىرانغا يېقىن بولغان ئىراقتا كەڭ تارقالغانىدى[3] . ئىراقتىن كەلگەن بىر ئادەم ھەزرىتى ئائىشەگە : «بىزدە خەلق قۇرئاننى رەت ـ تەرتىپى بىلەن ئوقۇمايدۇ . سىلەردىكى قۇرئاننى بېرىڭ . بىزمۇ ئوقۇشىمىزنى ئۇنىڭغا توغرىلايلى » دېگەندە ، ھەزرىتى ئائىشە : «سۈرىلەرنى رەت ـ تەرتىپى بىلەن ئوقۇشنىڭ قىيىن يېرى يوق » دەپ جاۋاب بەرگەندى . شۇنداقتىمۇ ، ئۆزىنىڭ كىتابىنى ئېلىپ كۆرسەتكەن ۋە ھەربىر سۈرىنىڭ باش ئايىتىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ يازدۇرغان[4] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەھەججۇد نامىزىدا ئۇزۇن سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى . ھەزرىتى ئائىشەمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ ، ئۇ ئوقۇغان سۈرىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايتتى . قۇرئان ئايەتلىرى نازىل بولغاندا ، ئۇنى ئالدى بىلەن ئاڭلايدىغان كىشى ئائىشە ئىدى . قۇرئان كۆپىنچە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىناتتى[5] .

ھەزرىتى ئائىشە : «بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىلىرى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى چاغلاردا نازىل بولدى » دەيدۇ . ئۇ ھەربىر ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشى ، مەنىۋى ئىشارىتى ، ئۇ-

---

[1] 54 ـ سۈرە ، 46 ـ ئايەت .

[2] «سەھىھۇلبۇخارى » : «تەفسىرۇ سۈرەتۇل قەمەر » .

[3] «سەھىھۇلبۇخارى » : «بابۇ جەمئۇل قۇرئان » .

[4] «سەھىھۇلبۇخارى » : «بابۇ تەئلىفۇل قۇرئان » .

[5] «سەھىھۇلبۇخارى » : «بابۇ تەئلىفۇل قۇرئان » .

لاردىن چىقىرىلىدىغان ساۋاقلار ۋە ئەھكاملاردىن تامامەن خەۋەر-
دار ئىدى . ئۆزىدىن پىكىر سورالغان مەسىلىلەردە ئالدى بىلەن
قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلىپ ، ئاندىن پىكرىنى بايان قىلاتتى .
ھەزرىتى ئائىشە ھەممىدىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-
نىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلاتتى . بىر كۈنى
ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورالغا-
نىدى ، ئۇ : «سىلەر قۇرئان ئوقۇمسىلەر ؟ ئۇنىڭ ئەخلاقى
باشتىن ـ ئاخىر قۇرئان بىلەن بىردەك ئىدى» دېگەنىدى .

ساھابىلارنىڭ ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈشكە دائىر رىۋايەتلەر
كۆپ ئەمەس ئىدى . ھەدىس كىتابلىرىدا بۇ مەسىلە بىلەن مۇناسى-
ۋەت جەھەتتە ھەممىدىن ئىبنى ئابباس بىلەن ھەزرىتى ئائىشە
دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تەفسىرگە ئائىت
رىۋايەتلىرى ئاز بولغاچقا ، بىز پەقەت مۇھىم بىر نۇقتىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ئايەتلەرنىڭ تەفسىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن
كۇپايىلىنىمىز .

1 . ھەج قائىدىلىرىدىن بىرى — سەفا بىلەن مەرۋە ئارىلىقى-
دا سەئيى قىلىش ئىدى . بۇ ھەقتىكى ئايەت مۇنداق : «سەفا
بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر .
ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى
قىلسا ھېچ گۇناھ يوق»[①] . زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئۇرۋە ھاممىسى
ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇ ئايەتنى ئوقۇپ : «سەفا
بىلەن مەرۋە ئارىسىدا تاۋاپ قىلمىسا گۇناھ سانالامدۇ ؟» دەپ
سورىغانىدى ، ھەزرىتى ئائىشە : «ياق ، مەقسەت شۇنداق بولسا
ئىدى ، ئايەتتە : ‹بۇلارنى تاۋاپ قىلمىساڭلار گۇناھ بولمايدۇ›
دېيىلگەن بولاتتى» دېدى . ئەسلىدە بۇ ئايەت مەدىنىلىك مۇسۇل-
مانلار ھەققىدە نازىل بولغانىدى . ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى مەدى-

① 2 ـ سۈرە ، 158 ـ ئايەت .



www.uyghurkitap.com

ىلىك ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىلىرى مەنات ئىسىملىك بۇتقا چوقۇناتتى . بۇ بۇت سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىغا ئورنىتىلغانىدى . شۇ ۋەجىدىن مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سەفا بىلەن مەرۋە-نى سەئيى قىلىش تازا قارشى ئېلىنمايتتى . ئۇلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : «بىز بۇ-رۇندىن شۇنداق قىلاتتۇق» دېيىشتى . شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى ئايەت نازىل بولغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە : «پەيغەمبەر ئەلەيھىس-سالام سەفا بىلەن مەرۋىنى سەئيى قىلىشنى ئەمىر قىلغانىدى . شۇ ۋەجىدىن ھېچكىم بۇنى تەرك قىلالمايدۇ» دېدى .

ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭ بىلەن تەفسىر ئۇسۇلىنىڭ چوڭ بىر تۈگۈنىنى يېشىپ، مۇھىم بىر ئاساسنى ئايدىڭلاشتۇرغانىدى . چۈنكى، ئەرەب تىلى ئەرەبلەر ئارىسىدا سۆزلىنىدىغانلىقى ۋە چۈشىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئاننى ئىبارىلاردىكى مەنىلەرگە قاراپ تەفسىر قىلىش كېرەك ئىدى .

2 . كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا جاۋاب بېرىلگەن ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن : «ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ ) ئادىل مۇئامىلە-دە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن ) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئې-تىپ، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ»[1] . ئۇرۋە ھەزرىتى ئائىشەدىن بۇ ئايەتنى ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلغانىدى، ھەزرىتى ئائىشە : «بۇنىڭ-دىن مەقسەت، ئۇ يېتىم بولۇپ، تەربىيىلىگۈچىسىنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولسا، تەربىيىلىگۈچىسى ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قىزىقىدۇ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە كۆز تىكىدۇ . ئۇنىڭغا مەھرىنى بېرىشتە ئادىل بولمايدۇ ۋە ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشنى ئويلايدۇ . شۇنىڭ

① 4 ـ سۈرە، 3 ـ ئايەت .

ئۇچۇن ئۇلارغا مەھرىنى بېرىشتە ئادىل بولمىغۇچە ئۇلارنى نىكا-
ھىغا ئېلىش چەكلىنىپ، باشقىلارنى نىكاھىغا ئېلىشقا رۇخسەت
قىلىنغان» دەپ جاۋاب بەردى.

3. باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە پەتىۋا بېرىدۇ...»[①] ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغان سوئالغا: «قۇرئاندا بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ مەسىلە ھەققىدە نېمە ئېيتىلغان بولسا، شۇ ھۆكۈم بۇ يەردىمۇ كۈچكە ئىگە. بۇ ھۆكۈم چىرايى گۈزەل بولمىغانلىق-تىن تەربىيىلىگۈچىلىرى ئالمىغان ۋە مال - مۈلكىگە كۆز تى-كىلگەنلىكى ئۈچۈن باشقىلارغا ياتلىق بولالمايدىغانلار ھەققىدە ئېيتىلغان» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

4. «(يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن. (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن»[②] دېگەن ئايەت ھەر خىل شەكىللەردە چۈشىنىلگەن. بۇ ئايەت يېتىملەرنىڭ تەربىيىلىگۈچىلىرى ھەققىدە نازىل بولغان. بۇ ئايەت بويىچە، تەربىيىلىگۈچىلەر يوقسۇل بولسا، بۇ مال - مۈلۈكتىن ئالسا بولاتتى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىجازەت مۇنۇ ئايەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان: ‹زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيا-مەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ›»[③].

---

① 4 - سۈرە، 127 - ئايەت.
② 4 - سۈرە، 6 - ئايەت.
③ 4 - سۈرە، 10 - ئايەت.



www.uyghurkitap.com

ھەزرىتى ئائىشە: «بۇ ئايەتتە يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى ساقلىغان ۋە باشقۇرغان يوقسۇل تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ بۇ مال - مۈلۈكلەردىن مۇۋاپىق رەۋىشتە ئېلىشى گۇناھ بولمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان» دەيدۇ.

5. ئەرلىرى ئۇستىدىن شىكايەت قىلغان ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە نازىل بولغان ئايەت مۇنداق: «ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش (ئۇزلىشىپ كېتىشتىن) ياخشى»① .

ھەزرىتى ئائىشە بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بۇ ئايەت ئېرى ئانچە يېقىنلاشمايدىغان، ياكى ئېرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن ياكى ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلمىغان، ئاياللىق ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىيالمىغان ئاياللار ھەققىدە نازىل بولغان. ئەگەر ئايال بۇنداق شەرتلەر ئاستىدا ئۇزلىشىشنى خالىمىسا ۋە ئېرىنى ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قويسا بۇنداق كېلىشىش ئۇزلىشىشتىن ياخشىدۇر.»

6. تەپسىرچىلەر قورقۇنچ ۋە ئۈمىد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئومۇمەن قىيامەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ شۇنداق چۈشەندۈرگەن. ساھابىلار ئايەتلەر نازىل بولغان ۋاقىتتىن تارتىپ خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى تېخىمۇ توغرا تەپسىر قىلىشاتتى. ئىبنى ئابباس ياكى ئىبنى مەسئۇد: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن»② دېگەن ئايەتنى تىلغا ئېلىپ، بۇنىڭ قەھەتچىلىكتىن ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرسىز بولۇشى سەۋەبىدىن شۇنداق بول-

① 4 - سۈرە، 128 - ئايەت.
② 44 - سۈرە، 10 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com

غانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بىر ئايەتتە: «ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەنىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغانىدىڭلار»[1] دېيىلىدۇ. ھەزرىتى ئائىشە بۇ ئايەتنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ خەندەك جېڭىدىكى ئىزتىراپلىرىنى تەسۋىرلەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

7. قۇرئاندا: «(بەش) نامازنى بولۇپمۇ نامازدىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)»[2] دېيىلىدۇ. ئوتتۇرا ناماز (نامازدىگەر)نى بەزى رىۋايەتلەردە پېشىن نامىزى، بەزىسىدە بامدات نامىزى دەيدۇ. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قارىشىچە، «ئوتتۇرا ناماز» نامازدىگەر (ئەسىر نامىزى)دۇر. ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭغا شۇنداق ئىشىنەتتىكى، بۇنى ئۆز قۇرئانىنىڭ چۆرىسىگە يازدۇرۇۋالغانىدى. بۇ چۈشەندۈرۈشنىڭ توغرىلىقىنى ھەزرىتى ئەلى، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئۇرۋە ئىبنى جۇندۇبلارمۇ قوللىغانىدى.

8. باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ»[3]. بۇ ئايەت جانابىي ھەقنىڭ ئىنساننىڭ كۆڭلىدىن كەچكەنلەرنىڭمۇ سورىقىنى قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ كۆڭلىدىن كەچكەنلەردىنمۇ ھېساب ئېلىنسا، ھالى نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ ھەزرىتى ئەلى ۋە ئىبنى ئابباسلارنىڭ قارىشىچە: «ئاللاھ ئىنسان-

---

① 33 ـ سۈرە، 10 ـ ئايەت.
② 2 ـ سۈرە، 238 ـ ئايەت.
③ 2 ـ سۈرە، 284 ـ ئايەت.

نى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ » دېگەن ئايەت يۇقىرىدى-
كى ئايەتنى نەسخ قىلغان (ئەمەلدىن قالدۇرغان ) . بۇ ئايەتنىڭ
تەپسىرى ھەزرىتى ئائىشەدىن سورالغاندا ، ئۇ بۇ مەنىدە باشقا بىر
ئايەتنى ئوقۇغانىدى . لېكىن ، ھەزرىتى ئائىشەدىن سورالغان سو-
ئال ئىنساننىڭ كۆڭلىدىن كەچكەنلەر ۋەجىدىن ھېساب بېرىشنىڭ
قىيىنلىقىنى ئىپادىلەيتتى . ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېدى : «جا-
نابىي ھەقنىڭ ھەربىر سۆزى توغرىدۇر ، لېكىن ، ئۇ بەندىلىرى-
نىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى كىچىك سىناقلار ۋە بالا ـ قازالار
بەدىلىگە ئەپۇ قىلىدۇ . بىر مۆمىن كېسەل بولغان ، بىر مۇسىبەت-
كە يولۇققان ، ھەتتا ئۇز يانچۇقىغا بىر نەرسە سالدىم دەپ ئۇنى
ئۇنۇتقان ۋە ئۇنى ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن ئىزدىگەن چاغدىمۇ
ئۇنىڭغا مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئىشىكى ئېچىلىدۇ . ئالتۇن ئوتتا
قانداق ساپلانسا ، مۆمىنمۇ دۇنيادىن شۇنداق پاك ۋە ساپ چىقى-
دۇ . »

ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئايەتلەرگە تەپسىر
بەرگەنىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھەدىس ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى

ھەدىس ئىلمىنىڭ ئاساسىي تېمىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولۇپ، بۇ ئىلىمدىن ئەڭ كۆپ خەۋەردار بولغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ يېقىن كىشىلەردۇر. مەلۇمكى، ھەزرىتى ئائىشە ئۇزۇن مۇددەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولغان. شۇڭا ئۇ ھەدىس ئىلمى ھەققىدە باشقا ئاياللاردىن ئارتۇق بىلىمگە ئىگە ئىدى.

ھەزرىتى سەۋدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەزرىتى ئائىشەدىن ئىلگىرى نىكاھلانغان بولسىمۇ، ئىككىيلەننىڭ قابىلىيىتى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىدى. سەۋدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلانغان چاغدا ياشىنىپ قالغانىدى. ھەزرىتى ئائىشە بولسا ياش ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئەڭ كۈچلۈك مەزگىلىدە نىكاھلانغانىدى.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسى مەسچىتنىڭ ھەر كۈنى ساۋاق بېرىلىدىغان جايغا تام قوشنا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىسلەردىن خەۋەردار بولۇش جەھەتتە ھېچكىم ھەزرىتى ئائىشەگە يېتەلمەيتتى.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ رىۋايەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا بارلىق ئاياللىرىنىڭ ۋە تۆت - بەش ساھابىدىن باشقا جىمى ساھابىلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىن كۆپ ئىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىلەردەك ساھا-

بىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە رىۋايەت قىلالمىغانىدى . ئۇلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر بولسا چىقىرىلغان قارارلار بىلەن ھۆكۈملەردىن ئىبارەت ئىدى . ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئەسلىي ئاساسى مۇشۇ رىۋا-يەتلەر ئىدى . لېكىن ، بۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بىنا باشقىلار تەرىپىدىن ئىنشا قىلىنغانىدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىلار ۋە رىۋايەت قىلغان ھەدىس سانى تۆۋەندىكىچە :

| | |
|---|---|
| 1 . ئەبۇ ھۇرەيرە | 5364 |
| 2 . ئەنەس | 2686 |
| 3 . ئىبنى ئابباس | 2660 |
| 4 . ئىبنى ئۆمەر | 2630 |
| 5 . جابىر | 2540 |
| 6 . ئائىشە | 2210 |
| 7 . ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى | 2120 |

تىزىملىكتە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئالدىدا تۇرغان ساھابىلار-نىڭ كۆپى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ياشىغان ۋە رىۋايەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغانىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ھەزرىتى ئا-ئىشە ئايال كىشى بولغانلىقى ، ئەرلەردەك ھەممە سورۇندا بولال-مايدىغانلىقى ، ئىلىم ئۆگەنمەكچى بولغان ھەممە كىشىنىڭ ئۇنىڭ-غا ئاسانلىقچە يېقىنلىشالمايدىغانلىقى ، باشقا ساھابىلاردەك ئىسلام دۇنياسىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىگە بېرىپ ـ كېلەلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنىمىز .

ھەزرىتى ئائىشە رىۋايەت قىلغان 2210 ھەدىسنىڭ 286سى «سەھىھۇلبۇخارى» ۋە «سەھىھۇلمۇسلىم»لاردا خاتىرىلەنگەن . بۇنىڭ 174ى ھەر ئىككى كىتابتىن ، 54ى پەقەت «بۇخارى»

دىن، 58ى پەقەت «سەھىھۇلمۇسلىم» دىنلا ئورۇن ئالغان. بۇ ھېساب بويىچە، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ «سەھىھۇلبۇخارى» دا 228، «سەھىھۇلمۇسلىم» دا 232 ھەدىسى بار. ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد» ناملىق ئەسىرىنىڭ 6 ـ تومى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئىبارەت.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ماھىيەتلىك ئارتۇقچىلىقى يالغۇز رىۋا-يەتلىرىنىڭ كۆپلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ۋە ئىنچىكىلىكىدىدۇر. ساھابىلار ئىچىدىكى كاتتا ئالىملار ئاز رىۋا-يەت قىلىشى بىلەن تونۇلغانىدى. ھەر كۈنى ھەر كىشىگە سۆز قىلىشقا مەجبۇر بولغان كىشىلەر كۆپىنچە ئېھتىياتچانلىق ۋە ئىنچىكىلىكتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كۆپ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان يۇقىرىدىكى يەتتە زاتتىن بەشى ئىسلام نەسەبنامە-چىلىرى تەرىپىدىن پەقەت رىۋايەتچى ھېسابلىنىدۇ، ھۆكۈم چىقى-رىش ئىقتىدارى بولغان ساھابىلار ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئۇلار ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس ئىبنى مالىك، جابىر ۋە ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرىلاردۇر. رىۋايەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن بىرگە ھەم مۇجتەھىد[1]، ھەم فەقىھ (فىھقە[2] ئالىمى، فىقھشۇ-ناس) ھېسابلانغان ئىككى زات ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئابدۇللا ئىبنى ئاbbاستۇر.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مانا بۇ سۈپەتلىرى بىلەن باشقا ساھابىلا-ردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى رىۋايەت قىل-غان ھەدىسلەرنى نەقىل كەلتۇرۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئېيتىلىش سەۋەبلىرىنىمۇ چۈشەندۇرەلەيدىغانلىقىدا. مەسىلەن، «سەھىھۇل-بۇخارى» دا ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى،

---

① مۇجتەھىد — ئىسلام دىنىنىڭ جامائەت ئېتىراپ قىلغان ئالى-مى — ت.

② فىھقە — ئىسلام قانۇنشۇناسى — ت.

ھەزرىتى ئائىشەلەر : «جۇمە كۈنى غۇسلى قىلىش لازىم .» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ . بۇ ئۈچ زاتنىڭ رىۋايەتلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ كۆرسەك ، ئىبنى ئۆمەر : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹جۇمەگە كەلگۈچىلەر غۇسلى قىلسۇن › دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دەيدۇ . ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى : «جۇمە كۈنى غۇسلى قىلىش ھەرقانداق ئېھتىلام بولغۇچىغا ۋاجىپتۇر .» دەيدۇ .

لېكىن ، بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق نەقىل كەلتۈردۇ : «كىشىلەر ئۆيلىرىدىن ، يىراق يەرلەردىن كېلەتتى . ئۇلار چاڭ - توزان قوندۇرۇۋالغان ۋە تەرلەپ كەتكەنىدى . رەسۇلۇللا مېنىڭ يېنىمدا ئۇلارغا : ‹بۈگۈن ئۈچۈن پاكىزلانساڭلارچۇ ! › دېگەنىدى .»

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ باشقا بىر رىۋايىتى مۇنداق : «كىشىلەر جۇمەگە ئىش كىيىملىرى بىلــەن چىققانىدى ، شــۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا : ‹يۇيۇنساڭلار ياخشى بولاتتى ! › دېيىلگەنىدى» .

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق گۆشىنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدە يېيىلىپ بولۇشىنى ئېيتقانىدى . ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى بۇ ھۆكۈمنى دائىمىي ھۆكۈم دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، ھەزرىتى ئائىشە بۇ ھۆكۈمنىڭ ئۆتكۈنچى ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن ۋە بۇ رىۋايەتنى «قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى تۇزلاپ مەدىنىدە رەسۇلۇللاغا تەقدىم قىلغاندۇق . رەسۇلۇللا : ‹قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق يېمەڭلار › دېدى . ئۇ ، بۇ گۆشنى باشقىلارنىڭمۇ يېيىشىنى تەلەپ قىلاتتى »[①] دەپ نەقىل كەلتۈرگەنىدى . ھەزرىتى ئائىشە يەنە بىر رىۋايىتىدە بۇنىڭ ئەسلىي سەۋەبىنى ئۇقتۇرغان . بىر كۈنى ئۇنىڭدىن : «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ! قۇربانلىقنىــڭ گۆشــىنى يېيىش مەنئى قىلىنغانمۇ ؟» دەپ سورالغانىدى . ھەزرىتى ئائى-

① «سەھىھۇلبۇخارى» : «كىتابۇل ئەزھىيە» .

شه : «ياق ، پەقەت قۇربانلىق قىلغانلار ئاز ئىدى . رەسۇلۇللا قۇربانلىق قىلمىغانلارنىڭمۇ گۆش يېيىشىنى ئىستىگەنىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن .

ھەدىسلەردە بايان قىلىنىشىچە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى خەيبەرگە بىر ئادەم ئەۋەتەتتى . بۇ ئادەم ئۇ يەردىكى دېھقان-چىلىق مەھسۇلاتلىرىنى كۆرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ مىقدارىنى مۆلچەر-لەيتتى . بۇنىڭغا دائىر رىۋايەتلەردىن پەقەت شۇنىلا چۈشىنەلەي-مىز . لېكىن ، ھەزرىتى ئائىشە بۇ رىۋايەتنى : «رەسۇلۇللانىڭ مەقسىتى مەھسۇلاتنىڭ يىغىلىشىدىن قولغا كېلىدىغان زاكاتنى بەلگىلەش ئىدى» دەپ ئىزاھلايدۇ .

ھەزرىتى ئائىشە رىۋايەت قىلغان مەسىلىلەردە خاتالىق بول-ماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى ، باشقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن نەرسىلەرنى ئەينەن ھېكايە قىلىپ ئېيت-سا ، ھەزرىتى ئائىشە كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ھەربىر مەسىلىنى تولۇق چۈشەنگۈچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ بىلىۋې-لىشقا تىرىشاتتى .

ھەزرىتى ئائىشە باشقىلار ئاڭلىغان رىۋايەتلەرگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى . ئۇلارنى ياخشى مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن نەقىل كەلتۈرەتتى . بىر قېتىم ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى . ئابدۇللا بىر يىلدىن كېيىن قايتا كەلگىنىدە ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇ ھەدىسنى قايتا سوراتقانىدى ، ئابدۇللا ئۇ ئادەمگە ھەدىسنى كەم - كۈتىسىز ، نۇقسانسىز تەكرارلاپ بەرگەن . ھەزرىتى ئائى-شە ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇنىڭ بۇ ھەدىسنى ئېسىدە ياخشى ساقلى-غانلىقىغا قايىل بولغانىدى .

بىر رىۋايەتنى ئېنىقلىماقچى بولغان كىشى بولسا ، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنى ئەسلىي رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ قېشىغا ئەۋەتەتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئۆيگە كېلىپ

سۈننەت ئوقۇيتتى، ھالبۇكى، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن بۇنداق ناماز يوق ئىدى. بىر زات بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ: «شۇ يەرگە بار! چۈنكى، بۇنىڭ ئەسلىي رىۋايەت قىلغۇچىسى شۇ» دېگەنىدى.

بىر قېتىم بىر ئادەم مەسە ئۈستىگە مەسھى قىلىش مەسىلىسىنى سورىغىلى كەلگەندى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. چۈنكى، ھەزرىتى ئەلى سەپەرلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولاتتى.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىسلامىيەتكە قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى ھەدىس ئىلمىگە ئائىت خىزمەتلەر ئىدى. ئۇ زامانداشلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىگىمۇ دىققەت قىلاتتى، ئۇلار خاتا ئاڭلىغان نەرسىلەرنى تۈزىتەتتى.

ھەزرىتى ئائىشە ھەدىسلەردە رىۋايەتلەرنىڭ قۇرئانغا خىلاپ بولغان، بولمىغانلىقىغا ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر بىلەن بەزى ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مەرھۇمغا يىغلىسا، مەرھۇم ئازابقا ئۇچرايدۇ» دېگەن ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرگەندى. بۇ رىۋايەت ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىدا ئېيتىلغاندا، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنى قوبۇل قىلماي: «رەسۇلۇللا ھەرگىز بۇنداق دېمىگەن» دېدى.

ۋەقە مۇنداق بولغانىدى: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەھۇدىي ئايالنىڭ جىنازىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىدە ئايالنىڭ يېقىنلىرى پەرياد قىلىشىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇلار پەرياد قىلىشىۋاتىدۇ، بۇ پەريادلار ئۇنىڭغا ئازاب بولىدۇ» دېگەنىدى. بۇخارى بەدىر جېڭى ھەققىدە توختالغىنىدا يىغلاشنىڭ ئازابقا سەۋەب بولالمايدىغانلىقىنى ئىزاھلىغان. مەرھۇم پەقەت ئۆزى قىلغان گۇناھلارنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ھالبۇكى، يىغ-

www.uyghurkitap.com

لاش مەرھۇمنىڭ ئەمەس ، تىرىكلەرنىڭ ئىشى . بۇ ئىشنىڭ بىرەر جازاسى بولسا ، ئۇنى سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۆزى تارتىدۇ ، بۇ مەرھۇمنىڭ گۇناھى سانالمايدۇ . شۇڭا ، ھەزرىتى ئائىشە يۇقىرىدىكى ئىزاھاتنى بەرگەندىن كېيىن ، «بىر ئىشنىڭ ۋابالىنى باشقىلارغا يۈكلىمەڭلار » دېگەن مەنىدىكى ئايەتنى ئوقۇغانىدى .

رىۋايەتچى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ : «ئىبنى ئۆمەر ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بۇ ئىزاھاتىنى ئاڭلىغىنىدا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىغانىدى . »

بۇخارى ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئىبنى ئۆمەرنى سېلىشتۇرۇپ ، مەرھۇم ھايات چېغىدا يېقىنلىرىنى بۇنداق بولمىغۇر ئادەتلەردىن توسمىغانلىقى ۋە ئۇلارنى بۇنداق ئادەتلەرنى قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە تەربىيە بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئازابقا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە : «ئى مۆمىنلەر ! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان ، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار » دېگەن ئايەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ . لېكىن ، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي پەرياد قىلسا ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ كۆزقارىشىنىڭ تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ، چۈنكى جانابىي ھەقنىڭ : «ھېچقانداق نەرسىنىڭ ۋابالىنى باشقىلارغا يۈكلىمەڭلار » دېگەنلىكىنى قوشۇمچە قىلىدۇ .

لېكىن ، بىرچە بۇ چۈشەنچە توغرا ئەمەس . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ چۈشەنچىسى ئىشەنچلىك . ئەمەلىيەتتە چوڭ مۇجتەھىدلەردىن بولغان ئىمام شافىئى ، ئىمام مالىك ، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەلەر بۇ نۇقتىدا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ كۆزقارىشىنى قوللايدۇ .

بەدىردە ئۆلگەن كۇففارلارنىڭ قەبرىلىرى ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئاللاھنىڭ سىلەرگە ۋەدە قىلغانلىرىنىڭ راستلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ ؟ » دېگەنىدى ، بىر ساھابە (بىر رىۋايەتتە

ئېيتىلىشىچە ھەزرىتى ئۆمەر ) : «ئى رەسۇلۇللا ! سىز ئۆلۈكلەرنى چاقىرىۋاتامسىز ؟ » دەپ سورىغاندى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۇلارمۇ سىلەردەك ئاڭلايدۇ ، لېكىن جاۋاب قايتۇرمايدۇ» دېدى .

بۇ رىۋايەت ھەزرىتى ئائىشەگە يېتىپ كەلگەندە ، ئۇ : «رەسۇلۇللا ، ئۇنداق دېمىگەن ، ‹شۈبھىسىزكى ، ئۇلار ھازىر مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىۋاتىدۇ › دېگەندى» دېدى .

بىر كۈنى بەزى كىشىلەر ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئالدىغا كېلىپ : «ئەبۇ ھۇرەيرە سىزنىڭ ئۈچ نەرسىدە — ئايالدا ، ئاتتا ۋە ئۆيدە شۇملۇق بولىدۇ ، دەپ رىۋايەت قىلغانلىقىڭىزنى ئېيتتى ، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز ؟ » دېگەندى . ھەزرىتى ئائىشە : «ياق ، توغرا ئەمەس . ئەبۇ ھۇرەيرە گەپنىڭ بېرىمىنى ئاڭلاپتۇ . مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم : ‹يەھۇدىيلار دەرلەركى : شۇملۇق ئۈچ نەرسىدە ، يەنى ئايال ، ئات ، ئۆيدە بولىدۇ ›» دېدى .

ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنى ئىككى قېتىم كۆرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ . ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭغا قارىتا : «شۇنداق بىر گەپنى قىلدىڭكى ، ئاڭلىغۇچىنىڭ ۋۇجۇدى تىكەنلىشىدۇ . رەسۇلۇللانىڭ ئاللاھنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان كىشى يالغان ئېيتىدۇ» دېدى . ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ : «كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»① ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭ كەينىدىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ : «ئاللاھ ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيي ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ، ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان»② .

---

① 6 ـ سۈرە ، 104 ـ ئايەت .
② 42 ـ سۈرە ، 51 ـ ئايەت .

مۇتئە نىكاھى[1] جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋە ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا كۆچكە ئىگە ئىدى . ھىجرەتنىڭ 7 - يىلىغىچە بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنغانىدى . خەيبەر فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن بۇنىڭغا خاتىمە بېرىلدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى جەريانىنى ئىزاھلىغان رىۋايەتلەردە ئىختىلاپ بار ئىدى . ئىبنى ئابباسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى كىشىلەر مۇتئەنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا ، ساھابىلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق نىكاھنىڭ ھارام ئىكەنلىكىدە بىر پىكىردە بولغان . بۇ مەسىلە ھەزرىتى ئائىشەدىن سورالغاندا ئۇ مۇنۇ ئايەت بىلەن جاۋاب بەرگەنىدى : «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن ) ساقلىغۇچىلاردۇر . (يەنى ئەۋرەتلىرىنى ) پەقەت خوتۇنلىرىدىن ، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ )»[2] .

شۇنداق ئىكەن ، بۇ ئىككى يول سىرتىدىكى ئالاقە جائىز ئەمەس .

ئېرىدىن ئاجراشقان بىر ئايالنىڭ ئىددەت مۇددىتىنى ئېرىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈشى ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىدىندۇر . ھالبۇكى پاتىمە ئىسىملىك بىر ئايال : «رەسۇلۇللا ئىددەت مەزگىلىدە ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلغانىدى » دېگەن ۋە بۇ ۋەقەنى ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ھۇزۇرىدا تەكرارلىغانىدى . بەزىلىرى بۇنى قوبۇل قىلدى ، بەزىلىرى رەت قىلدى . مەرۋاننىڭ مەدىنە ئەمىرلىكى دەۋرىدە بۇ ۋەقە مۇنازىرە قىلىنغانىدى . چۈنكى ، بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ۋەقە يۈز بەرگەنىدى . ئۇ چاغدا ھەزرىتى ئائىشە : «پاتىمەنىڭ سۆزى توغرا ئەمەس . چۈنكى ، رەسۇلۇللانىڭ ئىددەت مەزگىلىدە ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىدىن كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشىنىڭ سەۋە-

---

① مۇتئە نىكاھ — ۋاقىتلىق نىكاھ — ت .
② 23 ـ سۈرە ، 5 ـ ، 6 ـ ئايەتلەر .

بى ئۆيىنىڭ خاتىرجەمسىز بولغانلىقى ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى[1] .

ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن باشقا بەزى ساھابىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، بامدات ۋە ئەسىر نامازلىرىدىن كېيىن ناماز ئوقۇش جائىز ئەمەس ئىدى ، ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭغا قارىتا : «ئاللاھ ئۆمەرگە رەھمەت قىلسۇن ، ئۇ بۇ مەسىلىدە خاتالاشتى . رەسۇلۇللا : ‹قۇياشنىڭ چىقىش ۋە پېتىش ۋاقتىدا ناماز ئوقۇلماسلىقى كېرەك › دېگەن» دېگەنىدى .

بىر رىۋايەتتە ، بامدات نامىزى سۈننىتىنىڭ قازا بولۇپ كېيىن ئوقۇلۇشى جائىز دېيىلگەنىدى . مەككىلىكلەر شۇنداق قىلاتتى . ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى . ھەزرىتى ئائىشە : «رەسۇلۇللا بۇ نامازنى مېنىڭ ئۆيۈمدە زادى تەرك ئەتمىگەنىدى» دەيدۇ . بەزى ساھابىلار بۇ نامازنى ئوقۇسا ، بەزىلىرى بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس دەپ ئويلايتتى . ئۇممۇ سەلەمە بۇ ئىككى رەكەت نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغىنىدا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «بۇ ئىككى رەكەت ناماز بىر كۈنى قازا بولغان پېشىن نامىزىنىڭ سۈننىتى» دېگەنىدى .

ئەبۇ ھۈرەيرەنىڭ بىر رىۋايىتىدە ، «ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇمىغاننىڭ نامىزى يوق» دېيىلگەنىدى . ھەزرىتى ئائىشە بۇنى ئاڭلىغىنىدا : «بىز رەسۇلۇللادىن ئاڭلىدۇقكى ، بەش ۋاق نامازنى تەرك ئەتمىگەن كىشى ئاللاھدىن ئۆزىگە ئازاب قىلىنمايدىغانلىقىغا ۋەدە ئالغان بولىدۇ . نامىزىنى كەم قىلغان كىشىنى ئاللاھ خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ ، خالىسا ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدۇ . ۋىتىر نامىزى سۈننەتتۇر . بۇنىڭ تاسادىپىي تەرك ئېتىلىشى بىلەن بىر كىشىنىڭ ھەرقانداق بىر نامىزىنى قوبۇل بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ . ئازاب ، پەرز نامازلارنى تەرك ئېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر»

---

[1] «سەھىھۇلبۇخارى» : «كىتابۇت تالاق» .

دەپ جاۋاب بەرگەندى .

ئايال ، ئېرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن كۆپرەك بىلىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئۇنىڭ ئاياللىرى باشقىلاردىن ياخشى بىلەتتى . ھەزرىتى ئائىشەمۇ بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن باشقا ساھابىلارنىڭ بەزى رىۋايەتلىرىنى رەت قىلالايتتى . مەسىلەن ، بىر كۈنى ئەبۇ دەردا ۋەز ئېيتقاندا : «سەھەر ۋاقتىغىچە ۋىتىر نامىزى ئوقۇلمىغان بولسا ، ئۇنى ئەمدى ئوقۇش جائىز ئەمەس» دېگەنىدى . ھەزرىتى ئائىشە بۇنى ئاڭلاپ : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھەر ۋاقتىدىمۇ ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇۋېرەتتى» دەپ جاۋاب بەردى .

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەن ماتاسى بىلەن كېپەنلەنگەن . ھەزرىتى ئائىشە كىشىلەرنىڭ كېپەنلىك ئۈچۈن يەمەندىن ماتا ئەكەلدۈرگىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ، لېكىن رەسۇلۇللانىڭ ئۇ ماتا بىلەن كېپەنلەنمىگەنلىكىنى ئېيتقانىدى .

ئەبۇ ھۇرەيرە بىر كۈنى ۋەز ئېيتقاندا : «روزا كۈنلىرىدە سەھەردە يۇيۇنۇشقا توغرا كەلسە ، ئۇ كۈنكى روزا بۇزۇلىدۇ» دېگەنىدى . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە قىلغانلىقىنى ئېيتتى . كىشىلەر ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ سۆزىنى يەتكۈزگىنىدە ، ئۇ سۆزىدىن يانغانىدى .

ھەزرىتى ئائىشە ھەم ئەقىللىق ، ھەم ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۈچلۈك ئايال بولغانلىقتىن ، بالىلىق دەۋرىدىن بۇيان ئاڭلىغان ھەربىر ئايەتنى ئېسىدە ساقلىغانىدى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇنىڭ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىمۇ ئۇنىڭ بۇ خىل كۈچلۈك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولاتتى . چۈنكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئەھۋاللىرىنى ئېسىدە تۇتۇش ، بۇلارنى ئۆز ئەينى



www.uyghurkitap.com

بويىچە خەلققە يەتكۈزۈش ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن قانداق شەكىلدە ۋە قايسى سۆزلەر بىلەن چىققان بولسا شۇ پېتى يەتكۈزۈش ، بىر ھەدىسشۇناسنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە-سى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ باشقا رىۋايەتچىلەرنى ھەر دائىم تەنقىد قىلىشىدا ، ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ رولى چوڭ بولغا-نىدى .

سەئد ئەبۇ ۋەققاس ۋاپات بولغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن جىنازىنىڭ مەسچىتكە ئېلىپ كېلىنىشىنى تەلەپ قىلدى . كىشىلەر بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردى . ھەزرىتى ئائىشە : «كىشىلەر نېمىدېگەن تېز ئۇنۇتقان ! لېكىن رەسۇلۇللا سەھل ئىبنى بەيزانىڭ نامىزىنى مەسچىتتە چۈشۈرگە-نىدى» دېدى[①] .

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرە ھەجلىرىنى تىلغا ئېلىپ ، جەمئىي تۆت قېتىم قىلىنغانلىقى ، بىرىنىڭ رەجەپ ئېيىدا قىلىنغانلىقىنى ئېيتقانىدى . بۇنى ئاڭلى-غان ئۇرۋە ھەزرىتى ئائىشەگە ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزگەنىدى ، ھەزرىتى ئائىشە : «رەسۇلۇللانىڭ ھەممە ئۆمرە ھەجىگە قاتناشتىم . ئۇلارنىڭ ھېچبىرى رەجەپ ئېيىدا قىلىنمى-دى» دېگەنىدى .

① «سەھىھۇلمۇسلىم» : «كىتابۇل جەنائىز» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ فىقھە ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى

كىتاب (قۇرئان) بىلەن سۈننەت (ھەدىس) فىقھە (ئىسلام قانۇنچىلىقى) ئىلمىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىندۇر. فىقھە بۇ مەنبەلەردىن چىقىرىلغان ئەھكامغا (ھۆكۈملەرگە) بېرىلگەن نامدۇر. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ پەتىۋالىرى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتىمىز ئۇنىڭ فىقھەدىكى تەجرىبىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، ھەربىر ئىلمىي مەسىلىدە ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىناتتى ۋە ھەربىر پەتىۋا ئۇنىڭدىن ئېلىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىدىن خەۋەردار بولغان ساھابىلار ئۇ مەرتىۋىگە چىقتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر يېڭى بىر مەسىلىگە يولۇققاندا، ئالىملارنى يىغىپ ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى بىر ھەدىسنى بىلسە ئۇنى نەقىل كەلتۈرەتتى. بۇ ھەدىس ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ، مەسىلىلەر شۇ بويىچە ھەل قىلىناتتى.

تۇنجى فىقھە مۇتائىلە ئورنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە مەدىنىدە قۇرۇلغانىدى. لېكىن، ھەزرىتى ئوسماننىڭ دەۋرىدە پىتنە - پاساتلار باش كۆتۈرۈپ، كىشىلەر مەككە، تائىف، شام ۋە بەسرىلەرگە تارقىلىپ كەتتى. ھەزرىتى

ئەلى دەۋرىدە كۇفە ئىدارە مەركىزى بولغانىدى . بەلگىلىك تەلىم - تەربىيە ئالغان كىشىلەر ھەرقايسى شەھەرلەرگە تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن بۇرۇنقى بىرلىك - ئىتتىپاقلىقتىن ئەسەر قالمىغانىدى . پەيغەمبەر مەسچىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى . چۈنكى ، مەدىنىدە فىقھە ۋە پەتىۋا مۇراجىئەت قىلىنىدىغان كىشىلەر ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ، ئابدۇللا ئىبنى ئاباس ، ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ھەزرىتى ئائىشەلەر ئىدى . بۇلارنىڭ ۋەقەلەرگە تۇتقان كۆزقارىشى ۋە ئۇلارغا باھا بېرىش ئۇسۇلى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىدى . ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە مەلۇم ۋەقە توغرۇلۇق قۇرئان ۋە ھەدىستە يېزىلغان بولسا شۇئان ئۇنى كۆرسىتەتتى ، بولمىسا گەپ قىلمايتتى . ئابدۇللا ئىبنى ئاباس قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ھۆكۈملەرنى نەزەردە تۇتۇپ پىكىر يۈرگۈزەتتى ۋە شۇنىڭغا قاراپ جاۋاب بېرەتتى . ھەزرىتى ئائىشە بولسا ، ھەرقانداق ئىشتا قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلاتتى . ئەگەر قۇرئاندا ئىزدىگىنىنى تاپالمىسا ۋەقەلەرگە مۇراجىئەت قىلاتتى . ئۇنىڭدىنمۇ بىرەر نەتىجە چىقىرالمىسا ، ئەقلىگە تايىنىپ ئىش كۆرەتتى . بىر قېتىم مەجۇسىيلار[1] نىڭ ئىبادەتخانىسىدا سويۇلغانماللارنىڭ گۆشىنى يېيىش جائىز بولۇش - بولماسلىقى سورالغانىدى ، ھەزرىتى ئائىشە جائىز بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە : «ئاللاھ نامىغا ئاتاپ بوغۇزلانمىغاننى يېيىش ھارام» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى .

## ئەقلىي قىياس

ئەقلىي قىياستىن مەقسەت ، دىنىي مەسىلىلەرنى سالاھىيىتى بولغان ياكى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەقلىگە تايىنىپلا بىر

[1] مەجۇسىي — ئوتقا چوقۇنغۇچى ، ئاتەشپەرەست ، زەردۇشتىي — ت .

تەرەپ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۇچۇندۇر . ئەقلىي قىياس ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە ئىنچىكە يەرلىرىنى بىلىدىغان، ئۇلارنى چۈشىنىدىغان بىر ئالىمنىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات بولسا ، قانداق جاۋاب بېرەتتى ؟ » دەپ ، ئويلاپ چىقارغان ھۆكۈمىدۇر .

«ئەسرى سائادەت »[1] تە ئاياللارمۇ ئەرلەردەك مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيتتى . مەسچىتتە ئەرلەردىن كېيىن بالىلار ، ئۇلاردىن كېيىن ئاياللار سەپ تۈزۈپ تۇرۇشاتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ مەسچىتكە كېلىشىگە رۇخسەت قىلغان ۋە «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان ئاياللارنى ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىدىن توسماڭلار » دېگەنىدى .

پەيغەمبەرلىك كەلگەن دەۋردىن كېيىن ، ھەرقايسى قوۋملەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ۋە ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش ، باي ـ باياشاتلىق نەتىجىسىدە ، ئاياللار زىيادە ياسىنىشقا قىزىقىپ كەتكەنىدى . بۇنداق بۇزۇلۇشقا شاھىت بولغان ھەزرىتى ئائىشە : «بۈگۈن رەسۇلۇللا ئاياللارنىڭ قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن بولسا ئىدى ، ئىسرائىل ئاياللىرى ئىبادەتخانىغا كىرىشتىن چەكلەنگىنىدەك ، ئۇمۇ ئاياللارنى مەسچىتكە كىرىشتىن چەكلىگەن بولاتتى » دېگەن .

ئەبۇ ھۇرەيرە : «مېيىت يۇغان كىشى يۇيۇنۇشى كېرەك . جىنازا كۆتۈرگەنلەر يېڭىدىن تاھارەت ئېلىشى كېرەك » دەپ پەتىۋا قىلغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە بۇنى ئاڭلاپ : «مۇسۇلمانلارنىڭ جىنازىسى ئىنسانلارنى مەينەت قىلامدۇ ؟ تاۋۇتنى كۆتۈرسە نېمە بولۇپتۇ ؟ » دېگەنىدى .

[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان دەۋر — ت .

# سۈننەتنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر قىسمى دىنىي مەسئۇلىيەت يۈزىسىدىن ئادا بولغان بولسا ، يەنە بىر قىسمى ئىنسانچىلىقتا زۆرۈر بولغان ۋە ھەرقانداق بىر دۇنياۋى غايە سەۋەبىدىن ئەمەلگە ئاشقاندۇر . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى سۈننەت دېيىلىدۇ . ئىسلام ئالىملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ تەتقىق قىلغانىدى : 1 ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم قىلىدىغان ، ھەرگىز تەرك ئەتمەيدىغان سۆز ، ئىش ـ ھەرىكەتلەر ؛ 2 ) بەزىدە تەرك ئېتىدىغان سۆز ، ئىش ـ ھەرىكەتلەر ؛ 3 ) ساۋاب تېپىش ئۈچۈن قىلىدىغان سۆز ، ئىش ـ پائالىيەتلەر . بۇ ئاخىرقى ئىش ـ پائالىيەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر دىنىي غايە بىلەن ئەمەس ، دۇنياۋى سەۋەب ياكى شەخسىي ۋە ياكى ئۆشتۆمتۈت بىر زۆرۈرىيەت بىلەن بەجا قىلغان بولۇپ ، مۆمىنلەر بۇنداق ئىش ـ پائالىيەتلەر ئالدىدا جاۋابكار ئەمەس ئىدى .

ھەدىسلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ، ھەزرىتى ئائىشە بۇ جەھەتلەرگە دىققەت قىلاتتى . مەسىلەن ، بىر رىۋايەتتە ھەزرىتى ئائىشە رەسۇلۇللانىڭ جامائەتنىڭ تەراۋىھ نامىزىغا پەقەت ئۈچ كۈنلا ئىمام بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ . تۆتىنچى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەراۋىھ نامىزىغا چىقمىغانىدى . نېمىشقا چىقمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ، پەيغەمبەر ئەلەھىسسالام تەراۋىھ نامىزى پەرز دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۇنى داۋاملاشتۇرمىغانلىقىنى ئېيتقان . دېمەك ، ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق بەجا كەلتۈرگەن سۆز ، ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى ، ئايرىلاپ تەرك ئەتكەن ھەرىكەت-

لەرنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ۋە چۈشىنەتتى.

ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى يۇقىرىدىكى قىسىملارغا بۆلۈشنى توغرا تاپمايتتى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەجا قىلغان پۈتۈن سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەر سۈننەت ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈرىيەتتۇر دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئىبنى ئۆمەر سەپەرگە چىققىنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارغان يەرلەرگە باراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەردە نېمە ئىش قىلغان بولسا ئۇمۇ شۇنى قىلاتتى.

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ زاماندىشلىرىدىن پەرقلىق كۆزقاراشلىرى

ھەزرىتى ئائىشە بىلەن زاماندىشلىرى ئارىسىدا كۆپىنچە فىقھىگە ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدە ئىختىلاپلار مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئىختىلاپلاردا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ كۆز قاراشلىرى توغرا ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قارىشىچە، ئېرى ئايالىنى سۆيسە، تاھارەت بۇزۇلمايدۇ. ئىبنى ئۆمەر بۇزۇلىدۇ، دەيدۇ.
2. ھەزرىتى ئائىشە مېيىت يۇيۇش ۋە جىنازا كۆتۈرۈش بىلەن تاھارەت بۇزۇلمايدۇ دېسە، ئەبۇ ھۇرەيرە بۇزۇلىدۇ، دەيدۇ.
3. ھەزرىتى ئائىشە ئاياللار يۇيۇنغاندا چاچلىرىنى يايمىسىمۇ بولىدۇ دېسە، ئىبنى ئۆمەر يېيىشى زۆرۈر، دەيدۇ.
4. ھەزرىتى ئائىشە ئەر بىلەن ئايالنىڭ جىنسىي ئەزالىرى بىر - بىرىگە تەگسە غۇسلى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ دېگەن قارىشىنى ياقلىسا، جابىر جىنسىي ئالاقىنى شەرت قىلىپ قوشىدۇ.
5. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قارىشىچە، ئۆلگەن ئايالنىڭ چېچى

تارالماسلىقى كېرەك دېسە ، ساھابىلاردىن ئۆممۇ ئاتىيىە تارىلىشى
كېرەك ، دەپ قارايدۇ .

6 . ھەزرىتى ئائىشە نامازدا ئايال كىشىنىڭ نامازخانىنىڭ
ئالدىدىن ئۆتۈشى بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ دېسە ، ئەبۇ ھۇرەيرە
بۇزۇلىدۇ ، دەيدۇ .

7 . ھەزرىتى ئائىشە بامدات نامىزى تاڭ يورۇمىغاندا ئوقۇلۇ-
شى كېرەك دېسە ، رەفى ئىبنى خۇدەيج تاڭ يورۇغاندا ئوقۇلۇشى
كېرەك ، دەيدۇ .

8 . ھەزرىتى ئائىشە ئەسىر نامىزى دەل ۋاقتىدا ئوقۇلۇشى
كېرەك دېسە ، ئۆممۇ سەلەمە سەل كېچىكتۈرۈپ ئوقۇلۇشى كې-
رەك ، دەيدۇ .

9 . ھەزرىتى ئائىشە خۇپتەن نامىزىنىڭ كېچىكتۈرۈلمەي
ئوقۇلۇشىنى قوللىسا ، ئەبۇ مۇسا كېچىكىپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ
دەيدۇ .

10 . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قارىشىچە ، جۇنۇب بولۇپ ئويغى-
نىش روزىنى بۇزمايدۇ . ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ قارىشىچە بۇزىدۇ .

11 . ھەزرىتى ئائىشە ئېپتار قىلىشقا ئالدىراش كېرەك دې-
سە ، ئەبۇ مۇسا ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەن قاراشنى
قوللايدۇ .

12 . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قارىشىچە ، قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى
ئۈچ كۈندىن كېيىنمۇ يېيىش جائىز . ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئىبنى
ئۆمەرنىڭ قارىشىچە جائىز ئەمەس .

13 . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قارىشىچە ، مۇھەسساب ۋادىسىغا
چۈشۈش سۈننەت ئەمەس . ئىبنى ئۆمەرنىڭ قارىشىچە سۈننەت .

14 . ھەزرىتى ئائىشە ھەجدە چاچلار ئېلىنغاندىن كېيىن
مۇئەتتەر سۈركەش جائىز دېسە ، ئىبنى ئۆمەر بۇنىڭ ئەكسىنى
قوللايدۇ .

15 . ھەزرىتى ئائىشە ھەجدە ئادەت كۆرگەن ئايال ۋىدالى-

www.uyghurkitap.com

شىش تاۋىپىنى كۈتمىسىمۇ بولىدۇ دەيدۇ .

16 . ھەزرىتى ئائىشە ھەجدە ئاياللار چاچلىرىنى ئازراق قىرقىسىلا كۇپايە دېسە ، ئىبنى زۇبەير تۆت بارماقتىن قىسقا بولماسلىق كېرەك دەيدۇ .

17 . ھەزرىتى ئائىشە ئايالالار زىبۇ زىنىنىتى ۋەجىدىن زاكات بەرمىسىمۇ بولىدۇ ، دەپ قارىسا ، بەزى ساھابىلار بېرىشى لازىم دەيدۇ .

18 . ھەزرىتى ئائىشە يېتىم بالىلارنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئېلىنىدۇ دېسە ، ئىبنى مەسئۇد ئېلىنمايدۇ ، دەيدۇ .

19 . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قارىشىچە ، ئوغرىلانغان مالنىڭ قىممىتى تۆۋەن بولسىمۇ ، ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىشى كېرەك . ئىبنى ئاباس ۋە ئىبنى مەسئۇدنىڭ قارىشىچە ، مەلۇم بىر قىممەتتىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك .

20 . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قارىشىچە ، ئۈچ تالاق بىلەن قويۇۋېتىلگەن ئايال ئىددەت مۇددىتىنى ئېرىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزسە بولىدۇ . پاتىمە بىنتى قەيسنىڭ قارىشىچە ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرسا بولمايدۇ .

بۇ مىسالالاردا كۆرگىنىمىزدەك ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان كۆزقاراش ۋە پىكىرلىرى فىقھە (ئىسلام قانۇنچىلىقى) ئۈچۈن چوڭ بىر خەزىنىدۇر . بۇ قاراشلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىمام مالىكنىڭ «مۇۋەتتا» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن . مەدىنە فىقھىچىلىقىنىڭ ئاساسى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ كۆزقاراشلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان .

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئەقىدە ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى

ئەقىدە ئىلمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك كۆزقاراشلار ئىلگىرى سۈرۈلگەنىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ھەربىر مەسىلە ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل بىر تەرەپ قىلىناتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، مەسىلىلەر كۆرۈلگەندە قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كەلدى . بۇنداق ۋەزىيەتتە ئىككى كىشى ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ساھابىلار دەۋرىدە ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىختىلاپقا ئورۇن قالمىغانىدى . ھەركىم ئۆز كۆزقارىشىغا مەسئۇل ئىدى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بۇنداق مەسىلىلەرگە دائىر بەزى ئىجتىھاتلىرىغا تۆۋەندە ئورۇن بېرىلىدۇ .

## غەيبىي ئىلىم

غەيبنى ئاللاھدىن باشقا بىلگۈچى يوقتۇر . بەزى كىشىلەر پەيغەمبەرلەرمۇ غەيبنى بىلىدۇ ، دەپ ئويلايدۇ . ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭغا قاتتىق رەددىيە بېرىپ : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى غەيبنى بىلىدۇ دېگۈچىلەر يالغان ئېيتىدۇ» دەيدۇ . بىر قېتىم بىرقانچە قىز قەسىدە بىلەن : «ئىچىمىزدە ئەتە نېمە بولىدىغانلى-

قىنى بىلىدىغان بىر پەيغەمبەر بار» دېگەن مىسرانى ئوقۇغاندا، ھەزرىتى ئائىشە قىزلارنى بۇ سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلىگەنىدى.

## مىئراج ۋەقەسى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بەزى ساھابىلار ئارىسىدا مىئراجنىڭ جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتە بولغانلىقى ھەققىدە كۆزقاراش پەرقلىرى مەۋجۇت ئىدى. ھەدىسلەردە مىئراج پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇيقۇدىكى ھالىتى بىلەن ئويغاقلىقى ئارىسىدا يۈز بەرگەن، دېيىلىدۇ.

ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھەزرىتى ئائىشە مىئراجنىڭ روھىي جەھەتتە يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

## گۆر ئازابى

«قۇرئان كەرىم»دە گۆر ئازابى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات يوق. ئىككى يەھۇدىي ئايال ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سۆز ئارىسىدا ئۇنىڭغا: «ئاللاھ سىزنى گۆر ئازابىدىن ساقلىغاي» دېگەنىدى، ھەزرىتى ئائىشە بۇنداق گەپنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغانلىقىدىن ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى ۋە «گۆر ئازابى» دېگەننى ئېتىراپ قىلمىدى. كېيىن بۇ مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ، ئۇنىڭدىن: «گۆر ئازابى راست» دېگەن جاۋابنى ئالغاندا، ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى دىققەت بىلەن ئاڭلاشقا باشلىغان ۋە ئۇ زاتنىڭ ئاللاھقا سىغىنىپ گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى كۆرگەندى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ شەرىئەت ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى

### «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرتىپى

«قۇرئان كەرىم» مەككە دەۋرى ۋە مەدىنە دەۋرىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋردە نازىل بولغانىدى. بۇ دەۋرلەر مەنىۋى ئالاھىدىلىك-لىرى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. قۇرئان ئەھلى بولغان كىشىلەر سۈرىلەرنىڭ مەزمۇنلىرىدىن مەككىدە ياكى مەدى-نىدە نازىل بولغانلىقىنى بىلىدۇ. ئىككى دەۋر ئارىسىدىكى ئالا-ھىدە پەرقلەر تۆۋەندىكىچە:

1. مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر روھىي جەلپكارلىق بىلەن تولغان. مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر چوڭقۇر چۈشەن-چىلەرگە ئىگە.

2. مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە سۆز ـ ئىبارىلەر ئۇلۇغۋار، تەنتەنىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەردە كۆپىنچە شەرىئەتكە ئائىت سۆز ـ ئىبارىلەر ئورۇن ئالغان.

3. مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر نەسىھەتلەر خەزىنىسى. بۇ سۈرىلەردە يەنە ئاللاھنىڭ بىرلىكى، قىيامەت كۈنى ئىنسانلار-نىڭ قايتا تىرىلىپ، بىر يەرگە جەم بولۇشى ھەققىدە توختىلىدۇ. مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر بولسا زۆرۈر ئەھكاملارنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ.

4. مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە ئايەتلەر قىسقا، مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە ئايەتلەر ئۇزۇن.

5. مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار تىلغا ئېلىنمايدۇ. مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە تىلغا ئېلىنىدۇ.

6. مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە ئىبادەتلەردىن كۆپرەك ئېتىقاد تىلغا ئېلىنىدۇ. مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە ئەمەل ۋە ئىبادەتلەر ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان.

7. مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە جىھاد تىلغا ئېلىنمايدۇ، دەۋەت ۋە تەبلىغ بىلەن كۇپايە قىلىنىدۇ. مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە دەۋەت ۋە تەبلىغ بىلەن بىللە جىھاد تىلغا ئېلىنىدۇ.

مۇستەشرىقلەر[1] چۈشىنىشتە قىينالغان بۇ پەرقلەرنى ھەزرىتى ئائىشە نەچچە ئەسىرنىڭ ئالدىدىلا شەرھلىگەنىدى.

«سەھىھۇلبۇخارى»دا ھەزرىتى ئائىشە: «دەسلەپ نازىل بولغان سۈرىدە جەننەت بىلەن جەھەننەم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسلام دىنى روناق تاپقاندا ھالال بىلەن ھارام بەلگىلەندى. دەسلەپ نازىل بولغان ئايەتتە ‹شاراب ئىچمەڭلار› دېيىلگەن بولسا، كىشىلەر ‹شارابنى ھەرگىز تاشلىمايمىز› دەيتتى. ياكى دەسلەپ نازىل بولغان ئەمردە ‹زىنانى تەرك ئېتىڭلار› دېيىلگەن بولسا، كىشىلەر ‹زىنانى ھەرگىز تەرك ئەتمەيمىز› دەيتتى. مەككىدە ئويناپ يۈرۈيدىغان سەبى ۋاقتىمدا ‹قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر›[2] دېگەن ئايەت نازىل بولغانىدى. ‹بەقەرە› بىلەن ‹نىسا› سۈرىلىرى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى ۋاقتىمدا نازىل بولدى»[3] دەيدۇ.

---

① مۇشتەشرىقلەر — شەرقشۇناس ئالىملار.

② 54 ـ سۈرە، 46 ـ ئايەت.

③ بۇخارى: «بابۇ تەئلىفۇل قۇرئان».

مەدىنىدە يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار ياشايتتى. «بەقەرە» ۋە «نىسا» سۈرىلىرىدە بۇلارغىمۇ جاۋابلار بېرىلگەن.

## مەدىنىدە ئىسلامنىڭ زەپەر قۇچۇشى

مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. ئىسلام دىنى شۇنچە قارشىلىق ۋە تىركىشىشلەرگە قارىماي كەڭ تارقالغانىدى. مۆجىزىلەرنىڭ ئادەتتىكى سەۋەبلەر بىلەن مەيدانغا چىقىشى زۆرۈر ئەمەس، لېكىن بىر ئىشنىڭ مەيدانغا كەلمەسلىكى ئۈچۈن ئوخشىمىغان سەۋەبلەرنىڭ مۇناسىپ بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىشىمۇ مۆجىزىدۇر.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى مەدىنىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا قاتتىق ئىختىلاپلار ۋە توقۇنۇشلار بار ئىدى. بۇ ئىختىلاپلار ۋەجىدىن سەلدەك قانلار تۆكۈلگەنىدى. مەدىنىلىكلەر ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن تىنچلىقنىڭ نەقەدەر چوڭ رەھمەت ئىكەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنى شەرەپكە ئىگە قىلغاندىن كېيىن چۈشەندى.

## سەپەردە نامازنىڭ قەسىر قىلىنىپ ئىككى رەكەت بولۇپ ئوقۇلۇشى

تۆت رەكەت نامازلار قەسىر قىلىنغاندا ئىككى رەكەت ئوقۇلىدۇ. بۇنى كىشىلەر ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تۆت رەكەت ناماز ئىككى رەكەتكە چۈشۈرۈلگەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەسلىي سەۋەبىنى ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ئەسلىدە ناماز ئىككى رەكەت بولۇپ پەرز قىلىنغان. رەسۇلۇللا ھىجرەت قىلغاندىن

www.uyghurkitap.com

كىيىن تۆتكە چىقىرىلدى . سەپەردە بولسا دەسلەپكى پەرز ساقلىنىپ قالدى »[1] .

## بامدات ۋە ئەسىر نامازلىرىدىن كىيىن ناماز ئوقۇش

ھەزرىتى ئۆمەر بامدات ۋە ئەسىر نامازلىرىدىن كىيىن ئوقۇلغان ھەرقانداق نامازنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ . ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭ سەۋەبىنى : «رەسۇلۇللا كۈننىڭ چىقىش ۋە پېتىش ۋاقتىدا ناماز ئوقۇشنى مەنئى قىلغانىدى » دەپ ئىزاھلايدۇ . بۇنى مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبى : قۇياشقا چوقۇنىدىغانلارغا ئوخشاپ قالماسلىق ، ياكى قۇياشقا چوقۇنىدىغانلار بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىبادەت قىلماسلىق ئىدى .

## نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەفلە[2] نامازلىرىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغانلىقى دەلىللەنگەن . بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر نەفلە نامازلىرىنى سەۋەبى يوقلا ئولتۇرۇپ ئوقۇشنى مۇستەھەپ ھېسابلىغان . ھەزرىتى ئائىشەدىن رەسۇلۇللانىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان - ئوقۇمايدىغانلىقى سورالغاندا ئائىشە : «رەسۇلۇللا پەقەت كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىش ۋەجىدىن چارچاپ كەتكەن چاغلىرىدا نەفلە نامازلىرىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى » دەپ جاۋاب بەرگەنىدى . باشقا بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، ھەزرىتى ئائىشە : «رەسۇ-

---

① بۇخارى : «بابۇل ھىجرە » .
② نەفلە ناماز — ئىختىيارىي ئوقۇلىدىغان ناماز — ت .

لۇللانىڭ تەھەججۇد (كېچىلىك) نامازلارنى ئولتۇرۇپ ئوقۇغانلىـ قىنى كۆردۈم. لېكىن، ياشىنىپ قالغاندا شۇنداق قىلغانىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ ئىككى رىۋايەت ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سۈنەن» ناملىق ئەسىرىـ دە خاتىرىلەنگەن. «سەھىھۇلمۇسلىم»نىڭ «بابۇ سەلاتۇل لەيل» دېگەن بابىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر بار. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، ھەزرىتى ئائىشە: «رەسۇلۇللا سەمرىپ قالغان ۋە ئېغىرلاپ قالغان چاغلاردا نامازلىرىنىڭ كۆپىنى ئولتۇـ رۇپ ئوقۇيتتى» دېگەنىدى.

## شام نامىزى

ھىجرەتتىن كېيىن، ناماز ئىككى رەكەت ئورنىغا تۆت رەـ كەت بولغان بولسىمۇ، شام نامىزى نېمە ئۈچۈن ئۈچ رەكەت بولۇپ قالدى؟ ھەزرىتى ئائىشە بۇ سوئالغا: «شام نامىزى كۈندۈز ۋاقتىنىڭ ۋىتىر[1] نامىزىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

## بامدات نامىزى

بامدات نامىزى نېمە ئۈچۈن ئىككى رەكەت؟ ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «بامدات نامىزىدا ئۇزۇن سۈرىلەر ئوقۇلىدىغانلىـ قى ئۈچۈن ئىككى رەكەت ئوقۇلىدۇ. بامدات نامىزىدا سەۋرچانـ لىققا كۆپرەك رىئايە قىلىش كېرەك. رەكەتلەرنىڭ سانىغا قاراپ قۇرئان ئوقۇش ۋاقتى ئۇزارتىلىدۇ.»

---

[1] ۋىتىر — خۇپتەن نامىزىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇلىدىغان ناماز — ت.

www.uyghurkitap.com

## ئاشۇرا روزىسى

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاشۇرا كۈنى ، يەنى مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى روزا تۇتۇلاتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ كۈنى روزا تۇتاتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ روزىنى ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىن باشلاپ تۇتقان . ئاندىن رامىزان ئېيىدىكى روزا پەرز قىلىنغان . ھەزرىتى ئائىشە بۇ روزىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە نېمە ئۈچۈن تۇتۇلغانلىقىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ : «رامىزان ئېيىدىكى روزىنىڭ پەرز بولۇشىدىن ئىلگىرى ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇلاتتى . چۈنكى ، ئۇ كۈنى كەئبىگە يوپۇق يېپىلاتتى .»

## تەراۋىھ نامىزى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ئوقۇيدىغان نامازلارنى ھەزرىتى ئائىشەدىن ئارتۇق بىلىدىغان كىشى يوق ئىدى . ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان ئېيىدا ياكى باشقا ۋاقىتلاردا كېچىلىرى 13 رەكەتتىن ئارتۇق ناماز ئوقۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا بىر كۈنى مەسچىتتە تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇغان . بۇنى كۆرگەن جامائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈگەنگەن . ئىككىنچى كۈنى جامائەت كۆپەيگەن ، ئۈچىنچى كۈنى تېخىمۇ ئارتقان ، تۆتىنچى كۈنى مەسچىت تولغانىدى . لېكىن ، ئۇ كېچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسىدىن چىقمىغانىدى . جامائەت بىرئاز كۈتكەندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىشقانىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىسى بامداتتا تەراۋىھقا نېمە ئۈچۈن چىقمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ : «تۈنۈگۈن ئاخشامقى ئەھۋالىڭلارنى بىلدىم ، لېكىن ، بۇ نامازنىڭ سىلەرگە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ۋە سىلەرنىڭ بۇ سەۋەبتىن قىينىلىپ

قىلىشىڭلاردىن ئەنسىرىدىم» دېگەنىدى[1]

## مۇھەسسەب ۋادىسىدا تۇرۇش

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج مەزگىلىدە مۇھەسسەب ۋادىسىدا تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن تۆت خەلىپىمۇ شۇ يەردە تۇرغانىدى. ئىبنى ئۆمەر ئۇ يەردە تۇرۇشنى ھەجنىڭ رەسمىيەتلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلايتتى. لېكىن، ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭ ئەكسىچە پىكىردە ئىدى. شۇڭا، ئۇ يەردە تۇرمايتتى ۋە: «رەسۇلۇللا ئۇ يەردىن چىقىش ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەردە تۇراتتى» دېگەنىدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئاببās بىلەن ئەبۇ رەفىيمۇ ھەزرىتى ئائىشە بىلەن بىر چۈشەنچىدە.

## كەئبىنىڭ قايتا ياسىلىشى

كەئبىنىڭ بىر تەرىپىدە ئوچۇق قالغان بىر يەر بار ئىدى. بۇ يەر «خەتىم» دېيىلەتتى. بۇ يەرمۇ تاۋاپ قىلىناتتى. كەئبىگە ئېلىنمىغان بۇ يەرنىڭ نېمە ئۈچۈن تاۋاپ قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىس كىتابلىرىدا مەلۇمات يوق ئىدى. پەقەت ھەزرىتى ئائىشەلا بۇنى ئىزاھلىغان. ھەزرىتى ئائىشە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «خەتىممۇ كەئبىگە مەنسۇپمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ھەزرىتى ئائىشە: «ئۇنداقتا بۇ يەر نېمىشقا كەئبىنىڭ ئىچىگە ئېلىنمىدى؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ قوۋمىڭنىڭ

---

① «سەھىھۇلمۇسلىم»؛ «سەھىھۇلبۇخارى»: «سەلاتۇل لەيلى».

www.uyghurkitap.com

ئىمكانىيىتى يەتمىگەنىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىنشائاتنىڭ بۇ يېرى كەم قالدى » دېدى . ھەزرىتى ئائىشە يەنە : «كەئبىنىڭ ئىشىكىنى نېمىشقا شۇنچە ئېگىز ياسىغان ؟ » دەپ سورىغانىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «خالىغاننى ئىچىگە ئېلىش ، خالىغاننى توساش ئۈچۈن » دەپ جاۋاب بەردى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ ئەسلىي ئۇلى ئۈستىگە سېلىنمىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇ سەۋەبتىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى يېڭىلىغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەئبىنى يېڭىدىن ياساتماقچى بولغانىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەگە : «سېنىڭ قوۋمىڭنىڭ جاھىلىيەت ۋە كۇفرىلىق دەۋرى ناھايىتى يېقىن بولمىغان بولسا ، مەن كەئبىنى ئۆرۈپ ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان ئۇل ئۈستىگە ياساتاتتىم » دېگەندى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ جىيەنى ئىبنى زۇبەير خەلىپە بولغان چاغدا ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە كەئبىنى ئۆرۈپ ، ئۇنى ئەسلىي ئۇلى ئۈستىگە ياساتقانىدى . زۇبەير شېھىت بولغاندىن كېيىن ، ئابدۇلمەلىك مەككىنى فەتھ قىلغان چاغدا ئىبنى زۇبەيرنىڭ كەئبىنى ئۆز خاھىشى بويىچە ياساتقانلىقىنى ئويلاپ ، كەئبىنى ئۆرۈپ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرگەن . لېكىن ، كېيىن ئەمەلىيەتنى چۈشىنىپ ، قىلغىنىغا پۇشايمان قىلغانىدى .

## تاۋاپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە تۆگىسى ئۈستىدە تۇرۇپ تاۋاپ قىلغانىدى . شۇ ۋەجىدىن بىر ھايۋانغا مىنىپ تاۋاپ قىلىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈچىلەر بار . بەزى مۇجتەھىدلەر بۇ پىكىردىدۇر . ھالبۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-

لام بۇنى مەخسۇس بىر سەۋەب بىلەن قىلغان . ئىبنى ئابباسنىڭ قارىشىچە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل ئىدى . شۇنىڭ ئۈ-چۈن تۆگىسى ئۈستىدە تاۋاپ قىلغانىدى . ھەزرىتى جابىرنىڭ ئېيتىشىچە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى كىشىلەرنىڭ كۆرە-لىشى ۋە ئۆزىگە ھەربىر سوئالنىڭ يەتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئېيتىشىچە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنىڭ تۆگىگە مىنىشىنىڭ سەۋەبى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ناھايە-تى كۆپ بولۇشىدىن ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاۋاپ قىل-غۇچىلارنى تارقىتىۋېتىشنى خالىمىغانلىقتىن تۆگىسىگە مىنىۋال-غانىدى .

## ھىجرەت

ھىجرەت — كىشىلەرنىڭ ئۆي - ماكانىنى تاشلاپ مەككىگە ياكى مەدىنىگە كېتىپ ، ئۇ يەردە تۇرۇشنى ئەۋزەل بىلىشىدۇر . ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ بىر قېتىم ھىجرەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ ، مۇنداق جاۋاب ئالغانىدى : «بۈگۈنكى كۈندە ھىجرەت قىلىنمايدۇ . مۆمىنلەر دىنى ئۈچۈن ھىجرەت قىلاتتى ۋە پىتنە - پاساتقا ئۇچراشتىن ئەندىشە قىلاتتى . بۈگۈن ئىسلام دىنى غەلىبە قىلدى . ھەممە ئادەم ئاللاھقا خالىغىنىچە ئىبادەت قىلالاي-دۇ »[1] .

بۇ نۇقتا ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ، ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەرنىڭ نېمە ئۈچۈن «مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن كېيىن ھىجرەت يوق» دېيىشىنىڭ مەنىسى مەلۇم بولىدۇ . چۈنكى ، ئەمدى پۈتۈن مەملىكەتتە تىنچلىق ئورنىتىلغانىدى .

---

[1] «سەھىھۇلبۇخارى» : «بابۇل ھىجرە» .

www.uyghurkitap.com

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا دەپنە قىلىنىدىغان يەر ئۈستىدە ساھابىلار ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى: «پەيغەمبەرلەر ۋاپات بولغان يېرىگە دەپنە قىلىنىدۇ» دېدى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئىستىداتى

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئىستىداتى نۇتۇق ۋە شېئىردىكى ئىقتىدارى ئۇنىڭدىن دەرس ئالغانلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھىشام ئىبنى ئۇرۋە: «ھەزرىتى ئائىشەدەك قۇرئاندىن ۋە ھالال ـ ھارامدىن خەۋەردار، شېئىردا سۆزگە كامىل كىشىنى كۆرمىدىم» دەيدۇ.

ھەزرىتى ئائىشە شۇ زاماننىڭ تېبابىتىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل ۋاقتىدا ئۇنى كۆرگىلى كەلگەن تېۋىپلار بەرگەن دورىلارنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەييارلاپ بېرەتتى. شۇنىڭدەك، قاتناشقان جەڭلەردە يارىدارلارنى داۋالايتتى.

### تارىخ

ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ نىيەت ـ ھاللىرىنى ياخشى بىلەتتى. ھەزرىتى ئائىشەمۇ بۇلارنى ئائىلىدە ئۆگەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەھۋالى ھەققىدە ھەدىس كىتابلىرىدا نامايان قىلىنغان بىلىملەر ھەزرىتى ئائىشە تەرىپىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەنىدى. مەسىلەن، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ نىكاھ، نىكاھتىن ئاجرىشىش، توي، روزا ۋە ھەجلىرى، قۇرەيشلەرنىڭ ھەج مەزگىلىدە نېمە ئىشلارنى

قىلىدىغانلىقى ھەزرىتى ئائىشە تەرىپىدىن شەرھلەنگەندى.

ئەنسارلارنىڭ بۇئاس ئۇرۇشى، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە چوقۇنغان بۇتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار، ۋەھيى بىلەن پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى، ھىجرەت، ئىسلام تارىخىغا دائىر نۇرغۇن ۋەقەلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلار، قۇرئاننىڭ قانداق نازىل بولغانلىقى ۋە قانداق رەتلەنگەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلار، نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىغا دائىر چۈشەنچىلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى كېسەللىكلىرى، ۋاپاتى ۋە دەپنە قىلىنىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ھەزرىتى ئائىشە تەرىپىدىن بېرىلگەندى.

بۇنىڭدىن باشقا، بەدىر، خەندەك، بەنى قۇرەيزە جەڭلىرى، زاتۇررىقا جېڭىدە قورقۇنچ نامىزى ئوقۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرى، مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن ئاياللارنىڭ بەيئىتىگە ئائىت مەلۇماتلار، ۋىدالىشىش ھەجى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ ھەزرىتى ئائىشە تەرىپىدىن شەرھلەنگەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىلىك ئىبادەتلىرى، ئۆي ئىشلىرى، ئەخلاقى ھەزرىتى ئائىشە تەرىپىدىن تەسۋىرلەنگەندى. ھەزرىتى ئائىشە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىيىن كۈنلىرىنى بىزگە ئۇقتۇرغاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىكى، ھەزرىتى پاتىمەنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ شىكايەتلىرى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ بەيئىتى قاتارلىقلار ھەققىدىكى ئىنچىلىك مەلۇماتلارنىمۇ ھەزرىتى ئائىشە يەتكۈزگەندى.

## ئەدەبىيات

ئەدەبىياتتىن مەقسەت سۆزنى چىرايلىق قىلىشتۇر. رىۋايەتلەر ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىنتايىن پاساھەتلىك سۆز قىلىدىغانلى-

قىنى ئۇقتۇرىدۇ . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ شاگىرتى مۇسا ئىبنى تەلھە : «ھەزرىتى ئائىشەدىنمۇ پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان بىرىنى كۆرمە-دىم» دېسە ، ھەنىق ئىبنى قەيس ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىد-غان چىرايلىق سۆزنى باشقىلاردىن ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىنى تىلغا ئالغاندا : «ئۇ كۆرگەن ھەربىر چۈش كۈننىڭ يورۇقىدەك ئىدى» دېگەنىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھىي كەلگەندە تەرگە چۈمۈپ كېتىدىغانلىقىنى «پېشانىسىدىن تەرلەر ئۈنچە دانلىرىدەك تۆكۈلەتتى» دەپ تەسۋىرلىشى ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا مىسالدۇر .

## ناتىقلىق

ناتىقلىق ئەرەبلەرنىڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى ئى-دى . ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاياللاردىن ناھايىتى قابىلىيەتلىك خاتىپلار چىققانىدى . ھىجرىيە 604 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئەھمەد ئىبنى ئەبى تاھىر «بەلاغەتۇن نىسا» ناملىق ئەسىرىدە مۇسۇلمان ئايال خاتىپلار تەرىپىدىن سۆز-لەنگەن خۇتبىلەرنى ، جۈملىدىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭمۇ خۇتبىلد-رىنى توپلىغانىدى . تەبەرىنىڭ «تارىخ» كىتابىدىمۇ ھەزرىتى ئا-ئىشەنىڭ خۇتبىلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بەسرىدە سۆزلىگەن خۇتبىلىرىنى ئاڭلىد-غان ھەنىق ئىبنى قەيس : «مەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ، ئۆمەر ، ئوسمان ۋە ئەلى بىلەن ئۇ چاغدا كۆرۈنگەن كۆزگە كۆرۈنگەن خاتىپلارنىڭ خۇتبىلىرىنى ئاڭلىدىم . بۇلارنىڭ ئىچىدە ھېچقايسىسىنىڭ ئىپا-دىلەش كۈچى ھەزرىتى ئائىشەنىڭكىدەك ئۇستۇن ۋە يېقىملىق ئەمەس ئىدى» دەيدۇ .

# ھەزرىتى ئائىشە ۋە شېئىر

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ پۈتۈن ئىلمى شائىرلىقتىن ئىبارەت ئىدى . ئەرەب شائىرلىرى ئۆز تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى نامايان قىلىش مەقسىتىدە تىلىدىن بەزىدە ئوت ياغدۇرسا ، بەزىدە رەھمەت ياغدۇراتتى . بۇ ئارتۇقچىلىقلار يالغۇز ئەرلەرگىلا خاس ئەمەس ئىدى . ئاياللار ئارىسىدىمۇ شېئىرىيەت كەڭ تارقالغانىدى . ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۇ ئارتۇقچىلىقلار داۋاملاشقانىدى . مىڭلىغان ئاياللار شېئىرىيەت ۋە ئەدەبىياتتا كامىل بولدى . بۇ ئاياللارنىڭ شېئىرلىرى ۋە سۆزلىرى ئەرەب ئەدەبىياتىنى ھازىرغىچە بېزەپ كەلمەكتە . ھەزرىتى ئائىشە بۇ دەۋردە يېتىشكەنىدى . ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئەرەبلەر ئارىسىدا شېئىرىيەت بىلىمى بىلەن تونۇلغانىدى . ھەزرىتى ئائىشەمۇ شېئىر يېزىشنى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەنىدى .

بۇخارىنىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق ئەسىرىدە ئۇرۇۋەدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە ، ھەزرىتى ئائىشە كەئب ئىبنى مالىكنىڭ پۈتۈن قەسىدىسىنى يادا ئوقۇيتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېئىر ئوقۇيدىغان ـ ئوقۇمايدىغانلىقىنى سورىغان بىرىگە ئۇ : «شۇنداق ، ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى ئوقۇيتتى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى .

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغان قەسىدىلىرىگە مۇسۇلمان شائىرلار بەرگەن جاۋابلار پەقەت ھەزرىتى ئائىشە تەرىپىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەنىدى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ شېئىرغا بولغان ھەۋىسىنى بىلگەن شائىرلار شېئىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرەتتى . ئۇلار ئارىسىدا ھەسسان كەئب ئىبنى مالىك ، ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەلار بار ئىدى .



www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۇستاز بولۇشى ۋە پەتىۋا بېرىشى

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتىنى نۇرغۇن مىساللار بىلەن كۆرسەتتۇق . ۋەھالەنكى ، ئىلىمنىڭ مەقسىتى ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ ، ئۇلارغا پايدا يەتكۈزۈشتۇر . ھەزرىتى ئائىشە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغانمۇ ـ يوق؟ بۇ بابتا بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بېرىشكە تىرىشىمىز .

### ئۇستاز بولۇشى

كىشىلەرنى تەربىيىلەش ئەرلەرگە خاس دەپ قارىغۇچىلار ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىلمىي خىزمىتى ۋە تەلىم ـ تەربىيىگە سەرپ قىلغان ۋاقىتلىرىغا ھەيران قالىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، ساھابىلار ئىلمىنى ۋە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەنىدى . مەككە ، تائىف ، بەھرەين ، يەمەن ، شام ، مىسىر ، كۇفە ، بەسرە ۋە باشقا مەركەزلەر بۇ ئۇلۇغ ئۇستازلارنىڭ قارارگاھى بولغانىدى . بىر چاغلاردا كۇفە ھۆكۈمەت مەركىزى بولغان بولسىمۇ ، مەدىنە يەنىلا بۇرۇنقى ئىلىم مەركىزىلىك ئورنىنى ساقلاپ قالغانىدى . ئىبنى ئۆمەر ، ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئىبنى ئابباس ، زەيد ئىبنى سابىت ۋە باشقا ساھابىلار مەدىنىدە بىر ئىلىم ئوچىقى تەسىس قىلغانىدى .

www.uyghurkitap.com

لېكىن ، مەدىنىدىكى ئەڭ چوڭ ئىلىم مەركىزى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيى ئىدى . باللار ، ئاياللار ، ئەرلەر ، قىسقىسى ھەممە ئادەم بۇ يەرگە داۋاملىق كېلىپ ئۇنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلايتتى .

خەلق ھەزرىتى ئائىشەدىن سورايتتى ، ئۇ جاۋاب بېرەتتى . ھەزرىتى ئائىشە شاگىرتلىرىنىڭ تىلىغا ، تەلەپپۇزىغا ئەھمىيەت بېرەتتى . بىر قېتىم قاسىم بىلەن ئىبنى ئەتىق ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئالدىغا كەلدى . قاسىمنىڭ سۆزى راۋان ئەمەس ئىدى . گراماتىكىسى خاتا ئىدى . ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭغا : «سەن نېمىشقا جىيەنىمگە ئوخشاش سۆزلىمەيسەن ؟ مەلۇم بولدىكى ، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا توغرا سۆزلەپتۇ ، سېنىڭ ئاناڭ ساڭا خاتا سۆزلەپتۇ» دېدى . قاسىمنىڭ ئانىسى چۆرە ئىدى[1] .

ھەزرىتى ئائىشە يالغۇز تەلىم - تەربىيە بىلەنلا قالماي ، يېتىم ۋە نامرات باللارغىمۇ ھامىيلىق قىلاتتى . ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى ھەمدە ئۇلارنى ئوقۇتاتتى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ جىيەنلىرى ئۇنىڭ دەرسلىرىگە ئىزچىل قاتنىشاتتى . قۇبەيسە مۇنداق دەيدۇ : «ئۇرۋەنىڭ ئىلىمدە مەندىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى ، ئۇنىڭ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ جىيەنى بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ يېنىغا ئەركىن كىرىپ چىقالايدىغانلىقىدا ئىدى .»

ھەر يىلى ھەج مەزگىلىدە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ چېدىرى ھىرا بىلەن مەرۋە ئارىسىغا تىكىلەتتى . ھەرقايسى جايلاردىن ھەجگە كەلگەن ئىلىم ئەربابلىرى ئۇنىڭ دەرسلىرىگە قاتنىشىپ ، پۈتۈن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ كېتەتتى . ھەزرىتى ئائىشە كىشىلەرگە خۇددى بىر مېھرىبان ئانىدەك مۇئامىلە قىلاتتى . شاگىرتلىرىغا ئانىلىق شەپقىتىنى كۆرسىتەتتى .

ئىبنى ھەنبەلنىڭ «مۇسنەد» ناملىق ئەسىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەزرىتى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنغانىدى .

---

[1] «سەھىھۇلمۇسلىم» : «كىتابۇس سەلات» .

ھەزرىتى ئائىشەدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئىككى يۈزدىن ئاشاتتى.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئەسھابلىرى ئارىسىدا ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاببباس، ئەمرۇ ئىبنى ئاس، زەيد ئىبنى خالىد، رەبىئە ئىبنى ئەمرۇ، سەئد ئىبنى زەيد، ھارىس ئىبنى ئابدۇللالار بار ئىدى.

شۇ دەۋردە ھەزرىتى ئائىشەدىن ئىلھام ئالغان مۇھىم ھەدىس ئالىملىرىنىڭ سانى ئىككى يۈزدىن ئاشاتتى. بۇلار ئارىسىدا ئايال-لارمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ شاگىرتلىرى ئۇستاز بولغان دەۋرلەردە، ئۇلار ھەر ۋاقىت ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەر سانىلىپ ئېتىراپ قىلىنغانىدى.

## پەتىۋالىرى

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى بايانلىرىمىزدا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى قىرىق يىللىق ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتقانىدۇق. ھەزرىتى ئائىشە پەتىۋا بېرىش جەھەتتە، خەلىپىلەر ۋە ئالىم ساھابىلاردىن ئاددەتتىكى كىشىلەرگىچە بولغان ھەممەيلەننىڭ مۇراجىئەت مەن-بەسى ئىدى. پۈتۈن خەلق ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ئىشىنەتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى.

## تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە، ھەزرىتى ئائىشە پەتىۋا بېرىش مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلدى ۋە ۋە تۆت چوڭ خەلىپىلەر دەۋرىدە

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ مەرتىۋىدە تۇردى .

ئىسلام مۇجتەھىدى بولغان ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەتىۋالىرىغا قىزىقاتتى . ئىبنى سەئد بۇنى شەرھلەپ : «ھەزرىتى ئائىشە ، ئۆمەر ۋە ئوسماننىڭ دەۋرلىرىدە (ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ) پەتىۋا بېرەتتى . ئۆمەر بىلەن ئوسمان ئۇنىڭدىن سۈننەت ـ ئەمەللەرنى سورايتتى» دەيدۇ . ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە ھەزرىتى ئائىشەدىن باشقىلارغا پەتىۋا بېرىش ئىجازىتى بېرىلمىگەنىدى . بۇمۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىلمىگە بولغان ھۆرمىتىنى كۆرسىتىدۇ .

## مۇئاۋىيە دەۋرىدىكى ھەزرىتى ئائىشە

مۇئاۋىيە شامدا ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلغاندا بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسە مەدىنىگە ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پىكرىنى ئالاتتى .

## پېشقەدەم ساھابىلار ۋە ھەزرىتى ئائىشە

مەدىنە پېشقەدەم ساھابىلارنىڭ مەركىزى ئىدى . ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر بىلەن ئۆمەر دەۋرىدە ھەزرىتى ئۆمەر ، ئەلى ، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد ، ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى ، مۇئاز ئىبنى جەبەل ، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ، ئۇبەي ئىبنى كەئب ، ئەبۇ زەر ، ئەبۇ دەردا ، زەيد ئىبنى سابىتلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ۋە پەتىۋا ئۇستازلىرى ئىدى . ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ۋاپات بولغانىدى .

تىرمىزىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، ساھابىلار بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ھەزرىتى ئائىشەگە مۇراجىئەت قىلاتتى ، ھەزرىتى

ئائىشەمۇ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى . ئىبـ-
نى سەئد پېشقەدەم ساھابىلارنىڭ ھەزرىتى ئائىشەدىن ھەممە نەر-
سىنى سوراپ بىلىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ .

## ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئىسلام دۇنياسى

مەدىنە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى ئىدى . ئىسلام دىيارىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن مەدىنىگە كەلگەنلەر رەسۇلۇللانىڭ ئايىلى ھەزرىتى ئائىشەنىمۇ زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭغا ھال - ئەھ-ۋاللىرىنى ئېيتىشاتتى ، ئۇمۇ ئۇلارغا جاۋاب بېرەتتى .

ھەزرىتى ئائىشە ھەج قىلىشقا ھېچقاچان بىپەرۋالىق قىلـ-مايتتى . ھەج مەزگىلىدە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ چېدىرىنى ھەممە كىشى دېگۈدەك زىيارەت قىلاتتى . ھەزرىتى ئائىشە ئۆزىدىن سو-رالغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە قۇرئان ۋە ھەدىستىن نەقىل كەلتۈرۈپ جاۋاب بېرەتتى .

## ساھابىلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار ۋە ھەزرىتى ئائىشە

ساھابىلار ئارىسىدا بىرەر ئىختىلاپ كۆرۈلسە ھەزرىتى ئائىـ-شە بىر تەرەپ قىلاتتى . ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى ئارىسىدا ئىپتار ۋاقتىغا دائىر ئىختىلاپ بار ئىدى ، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد ئىپتار قىلىپ بولۇپلا دەرھال نامازشام ئوقۇيتتى . ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرى بولسا ئىككىلىسىنى كېچىكـ-تۈرەتتى . ئەھۋال ھەزرىتى ئائىشەگە ئۇقتۇرۇلدى . ھەزرىتى ئائىشە : «ئالدىرىغان كىم؟» دېدى . «ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد»

دېيىشتى كىشىلەر . ھەزرىتى ئائىشە : «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىتىمۇ شۇنداق ئىدى» دېدى .

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ قارىشىچە ، رامىزان كۈنلىرى سەھەردە جۇنۇپلۇق ۋەجىدىن يۇيۇنۇشقا توغرا كەلسە ، ئۇ كۈنى روزا تۇتۇش جائىز بولمايتتى . ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ بۇ پەتىۋاسى ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمەگە ئۇقتۇرۇلغاندى ، ئىككىلىسى بۇ پەتىۋانىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتىشتى . ئۇ چاغدا مەدىنە ئەمىرى بولغان مەرۋان مەسىلىنى ئەبۇ ھۇرەيرەگە مەلۇم قىلغاندى ، ئەبۇ ھۇرەيرە پەتىۋاسىنى قايتۇرۇۋالدى .

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە ئارىسىدا جىنازىغا ئەگىشىپ مېڭىشتا ساۋاب بار - يوقلۇقى مەسىلىسى تالاش - تارتىش قىلىنىغانىدى . ئەبۇ ھۇرەيرە : «ساۋاب بار» دېسە ، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر : «يوق» دەيتتى . ھەزرىتى ئائىشەگە مۇراجىئەت قىلىنىغاندا ، ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭكىنى توغرا تاپقانىدى[1] .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پەتىۋالىرى ئاياللار ، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى ، ئۇ زاتنىڭ ئەخلاقى ، كېچىلىك ئىبادەتلىرىگە دائىر ئىدى . ئىبنى ھەزم بىلەن ئىبنى قەييۇملارنىڭ ئېيتىقىنىدەك ، بۇلار بىر يەرگە جەملەنسە مۇستەقىل بىر ئەسەر بارلىققا كېلەتتى .

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان ئائىشە بىنتى تەلھە مۇنداق دەيدۇ : «كىشىلەر ھەر تەرەپتىن ھەزرىتى ئائىشەنى يوقلاپ كېلەتتى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىدا بولغانلىقىم ۋەجىدىن ياشانغانلار مېنى ئىززەتلەيتتى ، ياشلار ماڭا قېرىنداشلارچە

---

① بۇخارى : «كىتابۇل جەنائىز» .

قارايتتى ، ماڭا ھەدىيىلەر ئەۋەتەتتى ، يۇرتلىرىغا قايتقاندىن كې-
يىن ماڭا مەكتۇپلارنى يازاتتى . ئۇلاردىن مەكتۇپلار كەلگەندە
ھەزرىتى ئائىشەگە كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭغا : ‹جان ھامما ، مانا بۇ
پالانىنىڭ مەكتۇپى ۋە ھەدىيىسى ! › دەيتتىم . ئۇمۇ ماڭا : ‹قې-
رىم ، سەنمۇ ئۇنىڭغا مەكتۇپ يېزىپ ھەدىيىسىگە جاۋاب قايتۇر ›
دەيتتى . »

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئىنسانلارنى ھىدايەت يولىغا باشلىشى

ھەزرىتى ئائىشە ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلاش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى باشقا ساھابىلارنىڭ تۆھپىسىدىن كەم ئەمەس ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ ۋەزىپىگە ھېچقاچان بىپەرۋالىق قىلمىغانىدى. ئۇ ھۇجرىسىدا ئوقۇتقۇچى، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۇستاز ئىدى. ھەج مەزگىللىرىدە ھەر زامان، ھەر ماكاندا ھەر كىمگە ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدىغان يولباشچى ئىدى.

ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە ئىشلار بۇزۇلۇپ، پىتنە ـ پاسات باشلانغان چاغلاردا ھەزرىتى ئائىشە پۈتۈنلەي تەلىم ـ تەربىيە ۋە توغرا يول كۆرسىتىش ئىشتىياقى بىلەن ئىش تۇتقان ۋە بۇ قىزغىنلىقى بىلەن تۆگە جېڭىگە قاتناشقانىدى.

مىسىر بىلەن ئىراندا ھەزرىتى ئوسمانغا بولغان غەزەپ ـ نەپرەت چېكىگە يەتكەنىدى. ھەزرىتى ئوسماننى قارغايدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەنىدى. بۇ چاغدا بەسرە رەھبەرلىرىدىن بىرى سىڭلىسىنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئوسمان ھەققىدىكى پىكرىنى سورىغانىدى، ھەزرىتى ئائىشە ھەزرىتى ئوسماننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كاتىپلىقى قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. ئوسمانغا تىل ئۇزاتقانلارنىڭ لەنەتكە لايىق يامان ئادەملەر

ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندى[1] .

ئابدۇل رەھمان ئىبنى ئەۋفىنىڭ ئوغلى ئىبنى سەلەمە يەر ـ زېمىن دەۋاسى قىلىپ بىرنەچچە كىشى بىلەن جودالىشىۋاتقاندا ، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭغا خەۋەر يوللاپ ، ئۇ يەردىن ۋاز كېچىشنى ، بىر غېرىچ يەرنى ناھەق ئىگىلىۋالغان كىشىگە يەرنىڭ پۈتۈن يەتتە تەبىقىسىنىڭ لەنەت قىلىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقاندى .

مەدىنىدە تۇغۇلغان ھەربىر بالا دۇئا ئېلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىنەتتى . بىر قېتىم ھەزرىتى ئائىشە بىر بالىنىڭ بېشىغا ئۇستۇرا قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ، بۇنىڭ نېمىگە قويۇلغانلىقىنى سورىغىنىدا ، كۆز تەگمىسۇن ۋە قارا بېسىپ قالمىسۇن دەپ قويۇلغانلىقى جاۋابىنى ئالغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە ئۇستۇرىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن : «جانابىي ھەق بىلەن پەيغەمبىرى بۇنداق ئىشلارنى مەنئى قىلغان» دېگەن[2] .

ئەرەبلەر بىلەن پارسلارنىڭ بىرلىشىشى ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ . ھەزرىتى ئۆمەر ئىسلام دىنىنى ئىراننىڭ ناچار ئادەتلىرىدىن ساقلاپ قالغانىدى . لېكىن ، ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە بۇ ئادەتلەر ئاستا ـ ئاستا ئىسلام دىنىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى . ھەزرىتى ئائىشە بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يول قويمىغان ، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دامكا ، شاھماتقا ئوخشاش ئويۇنلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنى توسقانىدى[3] .

ئەبۇ ئۇبەي سائىب مەدىنىدە قاپىيلىك (مۇسەججە ) دۇئالارنى ئوقۇيتتى ۋە ئۇچرىغانلىكى يەردە ۋەز ئېيتاتتى . ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭغا : «دۇئالىرىڭدا قاپىيىدىن ئۆزۈڭنى تارت . چۈن-

---

① بۇخارى : «ئەدەبۇل مۇفرەد» .
② بۇخارى : «ئەدەبۇل مۇفرەد» .
③ بۇخارى : «ئەدەبۇل مۇفرەد» .

كى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى شۇنداق قىلاتتى. ھەپتىدە بىر - ئىككى كۈن، ئېشىپ كەتسە ئۈچ كۈن ۋەز ئېيت، خەلق ئولتۇرىدىغان يەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلمە ۋە ھەدېسىلا ۋەز ئېيتىۋەرمە!» دېگەنىدى.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭ مەنۋى تەسىرىدىن بەھرىلىنىدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇلارغا بەرگەن ساۋاقنى، ئۆگەتكەن مەسىلىلەرنى ئەرلىرىگىمۇ يەتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى.

بىر قېتىم بەسرىدىن بىر بۆلەك ئاياللار كەلگەنىدى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇلارغا ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن: «مەن ئەرلەرگە خىتاب قىلىشتىن ئوڭايسىزلىنىمەن. ئەرلىرىڭلارغىمۇ تاھارەت ئېلىش جەھەتتە بىپەرۋا بولماسلىقنى ئېيتىڭلار» دېگەنىدى.

بىر قېتىم شامدىن بىر قىسىم ئاياللار ھەزرىتى ئائىشەنى زىيارەت قىلىپ كەلدى. ھەزرىتى ئائىشە شاملىق ئاياللارنىڭ ھاماملاردا قىپيالىڭاچ بولۇپ يۇيۇنىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا: «سىلەر ھاماملاردا قىپيالىڭاچ يۇيۇنىسىلەرغۇ دەيمەن؟ رەسۇلۇللا ھەرقانداق بىر ئايال ئۆيىنىڭ سىرتىدا يالىڭاچلانسا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى» دېدى.

ھەزرىتى ئائىشە بىر قېتىم ھەج مەزگىلىدە بىللە بولغان مىڭلىغان ئاياللار ئىچىدە بىر ئايالنىڭ كۆڭلىكىدە كىرېستىنىڭ نەقىشلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا دەرھال بۇ كۆڭلەكنى سېلىپ تاشلاشنى ئېيتتى ۋە: «رەسۇلۇللا بۇنداق كۆڭلەكنى كۆرگىنىدە ئۇنى يىرتىپ تاشلايتتى» دېدى.

بەزى كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»نى تېز ئوقۇيتتى ۋە قۇرئاننى قانچە كۆپ خەتمە قىلسا، شۇنچە ساۋاب بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. ھەتتا بەزىلىرى بىر كېچىدە قۇرئاننى تۈگىتىپ ئوقۇپ

بولاتتى . ھەزرىتى ئائىشە بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ : «ئۇلار-
نىڭ ئوقۇغىنى بىلەن ئوقۇمىغىنى ئوخشاش . رەسۇلۇللا پۈتۈن
كېچە ئۆرە تۇرۇپمۇ ‹بەقەرە›، ‹ئال ئىمران› ۋە ‹نىسا› سۈرى-
لىرىدىن نېرىغا ئۆتەلمەيتتى . بۇ ئۈچ سۈرە بىلەن بىر كېچە
تۈگەيتتى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇش خەۋەرگە دائىر ئايەتكە
دۇچ كەلگەندە ئاللاھقا يېلىناتتى ، قورقۇنچ ئايىتىگە دۇچ كەلگەن-
دە ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلەيتتى .»

ھەج كارۋىنى مەككىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى . ساھابىلار ئارى-
سىدا كاتتا بىر مەنسەپ ئىگىسى بولغان ئۇسەيد ئىبنى خۇدەير
كارۋان مەككىگە يېقىنلاشقاندا ئايلى رۇقىييەنىڭ ۋاپات بولغان-
لىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، يۈزىنى ياغلىقى بىلەن يېپىۋېلىپ ئۈن
سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى . شۇنداق ، ئەرلەرنىڭ ئايلىغا بولغان
مۇھەببىتىگە ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ ، بىراق خالايىقنىڭ
ئارىسىدا بۇنداق يۈز - كۆزىنى ئېتىۋېلىپ ئۈن سېلىپ يىغلاش
ساھابىلارنىڭ پېشقەدەملىرىدىن بولغان بىر زاتقا ياراشمايدىغان-
لىقىدىن بولسا كېرەك ، كارۋاندا بولغان ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭ-
غا : «سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىنسىز ،
دەسلەپكى مۇسۇلمانلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش شەرىپىگە نائىل
بولغان تۇرۇقلۇق بۇنچىۋالا يىغلىسىڭىز بولامدۇ ؟» دېدى .

بىر كۈنى ئەبۇ ھۈرەيرە ھەدىسلەرنى تېز ئوقۇۋاتسا كېرەك ،
ھەزرىتى ئائىشە ئۇنى ھۇجرىسىدا تۇرۇپ ئاڭلىغانىدى . ھەزرىتى
ئائىشە ئەبۇ ھۈرەيرىگە خەۋەر يوللىدى ۋە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-
لام بۇنداق ئىتتىك گەپ قىلمايتتى . ئۇ زاتنىڭ ھەدىسى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغانلار ، ئۇ زاتنىڭ سۆزلىرىگە ۋە ئىلمىگە رىئايە
قىلىشى كېرەك . بولمىسا ھەدىس تەسىرىنى كۆرسىتەلمەيدۇ»
دېگەنىدى .

بىر قېتىم بىر ئادەمنىڭ پۇتى چېدىرنىڭ يىپىغا ئورۇلۇپ
قېلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ، پۇتى ئاغرىپ كەتكەنىدى ، بۇنى كۆر-

گەنلەر كۈلۈشۈپ كەتتى . ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندا : «بىر كىشىنىڭ بىر يېرىگە بىر تىكەن كىرىپ كەتسە ياكى بېشىغا ناھايىتى يېنىك بىر مۇسىبەت كەلسە ، جانابىي ھەق ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرىلىتىپ ، گۇناھىنى ئەپۇ قىلىدۇ» دېدى .

# ئوتتۇزىنچى باب

## ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاياللار دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىسى

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاياللار دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىسى شۈبھىسىزكى ناھايىتى ئۇلۇغدۇر. ئاياللار ئاياللىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە ئەرلەردەك دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، قىسقىسى تۈرلۈك دۇنياۋى ئىشلار ۋە ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالايدۇ. ھەزرىتى ئائىشە ئۆز ھاياتىدا بۇنى ئىسپاتلىغان. بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئاياللار ئىگە بولغان ھوقۇقلارنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىپ، ئىسلام ئاياللارغا بەخش ئەتكەن ھوقۇقلارنى يۈرگۈزۈشنىڭ جانلىق نەمۇنىسى بولغانىدى.

ئايال ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتماقچى بولغانلىرىنى ھەزرىتى ئائىشە ۋاسىتىسى بىلەن ئۇقتۇراتتى. ئوسمان ئىبنى مەزئۇن چېكىگە يەتكەن زاھىت ۋە تەقۋادار كىشى ئىدى. بىر كۈنى ئايىلى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئېرىم كۈن بويى روزا تۇتۇپ، كېچىچە ناماز ئوقۇيدۇ» دېدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بىزدە راھىبلىق يوقتۇر. مېنىڭ ھايات يولۇم ئىتائەتكە لايىق ئەمەسمۇ؟ مەن ئاللاھدىن ھەممىڭلاردىن بەكرەك قورقىمەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە ھەممىڭلاردىن زىيادە رىئايە قىلىمەن» دېگەنىدى.

بىر قېتىم بىر ئايال ئوغرىلىق قىلىپ جازاغا تارتىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ۋە سۆزلە-

شىشنى خالىمىغان . بۇ ئايال ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىغا بارغاندا ، ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن . ھەزرىتى ئائىشە بۇنىڭ بىلەن بىر خاتالىق ۋەجىدىن شۇ كىشىدىن ھەمىشە نەپرەتلىنىشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى .

ھەزرىتى ئائىشە ئاياللارنى خارلىغانلارغا ئىنتايىن غەزەپلىنەتتى ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلەيتتى .

ساھابىلار ئارىسىدا فىقھەگە ئائىت بەزى مەسىلىلەردە كۆزقاراش پەرقلىرى بار ئىدى . فەقىھ ئاياللار ھەمىشە ئاسانلا ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغان كۆزقاراشلارنى قوللىغان ھەمدە چۈشەنچىلىرىنى قۇرئان ۋە ھەدىس ئاساسىدا توغرىلىغانىدى . مەسىلەن ، ساھابىلار ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملارغا زاكات كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشاتتى . ئابدۇرەھمان ئىبنى مەسئۇد زاكات كېلىدۇ دەپ قارايتتى . ھەنەفىيلەرمۇ بۇنىڭغا قوشۇلاتتى . ئىبنى ئۆمەر ، ئەنەس ئىبنى مالىك ، جابىر ئىبنى ئابدۇللالار بۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ دەيتتى . ئىمام ئەھمەد بىلەن ئىمام شافىئى ۋە ئىمام مالىكمۇ بۇلارغا قوشۇلاتتى . چۈنكى ، زىننەت بۇيۇمى ئاياللارغا خاس نەرسە ئىدى . ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پىكرى ئىمام شافىئى ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ قارىشىنى قوللايتتى . ھەزرىتى ئائىشە تاغىسىنىڭ يېتىم قالغان پەرزەنتلىرىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن زاكات بەرمەيتتى . ھالبۇكى ، ئۇلار ئۈچۈن سۆز قىلاتتى . لېكىن ، ھەزرىتى ئائىشە تاغىسىنىڭ يېتىم ئوغۇللىرىنىڭ مال - مۈلكى ئۈچۈن زاكات بېرەتتى .

ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قولىدا كۈمۈش بىلەزۈكلىرى بار ئىدى . ھەزرىتى ئائىشە بۇلار ئۈچۈن زاكات كېلىش - كەلمەسلىكىگە دائىر سورالغان سوئالغا : «ياق ، بۇلارغا زاكات بەرمەيمەن» دېگەنىدى .

بۇ جاۋابنىڭ مەنىسى مۇنداق : زاكاتنىڭ بېرىلىشى ئۈچۈن ئىككى شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك ئىدى . بىرى ، مال ـ مۈلۈك ئالتۇن ـ كۈمۈش ، پۇل ، مال ـ چارۋا قاتارلىق نەرسىلىرى بولۇشى كېرەك . زىننەت بۇيۇمىنىڭ ئىشلىتىلىشىدە بولسا بۇنداق نەرسىلەر شەرت قىلىنمايدۇ . ئىككىنچى شەرت ، مال ـ مۈلۈكنىڭ ئېھتىياجدىن ئارتۇق بولۇشى . ھالبۇكى ، ئاياللار تاقىغان زىننەت بۇيۇملار ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا كىرىدۇ . بەزى ئاياللارنىڭ بىرنەچچە زىننەت بۇيۇملا ئۇلارنىڭ پۈتۈن مۈلكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئاياللار زاكات بېرىدىغان بولسا ، زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىدۇ .

قاتىل ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ خۇن ھەققىنى بەرمەكچى بولسا ، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇغقانلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشى شەرت . چۈنكى ، تۇغقانلىق ھەققى ئەرلەرگىلا خاس ئەمەس .

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر ئاياللارغا مىراس بەرمەيتتى . ئىسلام دىنى ئاياللارغا بۇ ھوقۇقنى بەرگەنىدى . مىراسخورلۇققا ئائىت مەسىلىلەر قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان . قىزلارنىڭ ھەقلىرى ئۈچۈق بەلگىلەنگەن . لېكىن ، قۇرئان ۋە ھەدىستە تىلغا ئېلىنمىغان نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى . ھەزرىتى ئائىشە بۇنداق ئىشلاردا كۆپرەك ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان چارىلەرنى تاپاتتى .

ياتلىق قىلىشتا قىزلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش زۆرۈر . لېكىن ، ئۇلار نومۇس قىلغانلىقتىن گەپ ـ سۆز قىلالمايتتى . ھەزرىتى ئائىشە بۇ ھەقتە : «قىزلارنىڭ جىم تۇرۇشى رازى بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ .

بىر كىشى مەجبۇرلاش ۋە زورلاش ئاستىدا ، مەسىلەن ، تۈرمىگە ئېلىنىش ، ئۆلتۈرۈلۈش ياكى باشقا جازالارغا ئۇچراشتىن قورقۇپ خوتۇنىنى قويۇۋەتسە ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قارىشى-

چه ، بۇنداق ئاجرىشىش دۇرۇس بولمايدۇ .

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەر كىشى ئايىلىنى قويۇۋەتكىنىدە ئۇنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتمەيتتى . ئىددەت مۇددىتى توشقاندا قايتا نىكاھىغا ئېلىپ ، ئۇ ئايالدىن زۆرۈر تېپىلغاندا پايدىلىناتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئايال ئازاب ۋە جاپادىن قۇتۇلالمايتتى . ئىسلا- مىيەتتىن كېيىن ئاياللار جاھىلىيەتنىڭ بۇ بېسىمىدىن مەڭگۈ قۇتۇلغانىدى . ھەزرىتى ئائىشە ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا زور تۆھپە قوشقانىدى .

## ئونتۆز بىرىنچى باب

# ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاياللار دۇنياسىدىكى ئورنى

تارىخ نۇرغۇن مەشھۇر ئاياللارنىڭ ھايات قىسسىلىرىنى يې- زىپ چىقتى . بۇ ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى پەقەت گۈزەل بولغانلى- قى ئۈچۈنلا شۆھرەت قازانغان ، بۇنىڭ بىلەن تاج ـ تەختكە نائىل بولغانىدى . مىسىر ، رىم ۋە ئىران تارىخلىرى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇۋېتىۇ . بۇلاردىن مۇقەددەس ۋە كېلىشكەن بىر سىيما ، يۈك- سەك ۋە ئۇلۇغۋار مىجەز ـ خاراكتېر ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق . بۇ مۇھىتلاردا دىنىي ، ئەخلاقىي ۋە مۇقەددەس نۇقتىلاردىنمۇ ئاياللىق ئاسمىنىدا پارلايدىغان بىر يۇلتۇزنىڭ پەيدا بولۇشى مۇم- كىن ئەمەس ئىدى . ھىندىستاندا بەزى غۇبارسىز ، پاك ئاياللار كاتتا شۆھرەت قازانغان . بۇنداق ، شۆھرەت قازىنىشنىڭ سەۋە- بى ، ئۇلارنىڭ ئىپپىتى ۋە ئەرلىرىگە زىيادە باغلانغانلىقىدا ئىدى . بۇ ئاياللارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئارتۇقچىلىقلىرىمۇ يوق ئىدى . تارىخنىڭ پۈتۈن سەھىپىلىرىنى ئاختۇرساق ، ھەزرىتى ئائىشەدىن باشقا دىنىي ، ئەخلاقىي ، ئىلمىي ، سىياسىي ، مەدەنىي ئارتۇقچى- لىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ۋە دەل جايىدا جارى قىلدۇرغان ، ئىنسانلارغا بۇ جەھەتتە ئۈلگە ، يولباشچى بولغان بىر ئايالنى كۆرەلمەيمىز .

ئىسلام تارىخىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ۋە قىزلىرىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھاياتىنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھايا- تى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ . بارلىق ئىسلام ئالىملىرىنىڭ

هەزرىتى خەدىچە، هەزرىتى پاتىمە ۋە هەزرىتى ئائىشەلەرنىڭ پۈتۈن ئايالىلاردىن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى هەققىدىكى پىكرى بىردەك .

ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئاۋۋال هەزرىتى پاتىمەنى، كېيىن هەزرىتى خەدىچەنى، ئاخىرىدا هەزرىتى ئائىشەنى تىلغا ئالىدۇ، لېكىن، بۇ تەرتىپ هەرقانداق بىر ئايەتكە ياكى هەدىسكە ئاساسلانمىغان. بۇ ئۈچ مۇبارەك ۋە ئۇلۇغ ئايالنىڭ پەزىلەتلىرى ئايرىم - ئايرىم رىۋايەت قىلىنىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ رەتكە ئىككىلىنىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. ئىبنى هەزم پۈتۈن ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا خىلاپ هالدا: «هەزرىتى ئائىشە پەقەت ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ۋە ئايالىلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسىلا ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن كېيىنكى ساهابىلارنىڭمۇ ئەڭ ئالدىنقىسى ئىدى» دەيدۇ ۋە بۇ قارىشىنى نۇرغۇن دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايدۇ[1] .

بۇ هەقتە بىز ئىبنى تەيمىيە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئىبنى قەييىمگە ئوخشاش چۈشەنچىدىمىز: «پەزىلەتلىك بولۇشتىن مەقسەت ئاخىرەت دەرىجىسىدە بولسا، بۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت ئېسىل نەسەبلىك بولۇشتا بولسا، هەزرىتى پاتىمە هەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. مەقسەت تۇنجى ئىمان ئېيتقان بولۇش بولسا، ئىسلامىيەت دۇچ كەلگەن دەسلەپكى قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇپ هەممىدىن ئاۋۋال ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا هەر دائىم ياردەمچى بولغان هەزرىتى خەدىچە هەممىدىن ئالدىدا تۇراتتى. لېكىن، مەقسەت دىنغا خىزمەت قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تەلىماتىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش بولسا، هېچكىم هەزرىتى ئائىشەگە يەتمەيدۇ.»

① ئەلمىلەل ۋەننىهەل: «بابۇ فەزىلەتىس ساهابە»

本书根据土耳其提玛西出版社 2004 年 7 月伊斯坦布尔第 2 版本翻译出版。

بۇ كىتاب تۈركىيە تىماش نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004-يىلى 7-ئايدا نەشر قىلىنغان ئىستانبۇل 2-نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئادىل ھاجى كېرەم
تەكلىپلىك تەھرىر: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىر: قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتور: مۇكەررەم مۇھەممەت

سەييىد سۇلايمان نەدۋىي

# ھەزرىتى ئائىشە

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ يىخۇي باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2008-يىل 6-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2008-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 1230×880 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 7 |
| سانى | : | 001—10000 |
| باھاسى | : | 12.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-09246-8/K · 1009 (维 36)

www.uyghurkitap.com

审　　定：阿地力哈吉
特约编辑：艾尼瓦尔哈吉
责任编辑：开赛尔·库尔班
责任校对：木开日木·买买提

图书在版编目(CIP)数据

阿依莎传：维吾尔文/（印）尼德围著；提拉译．—北京：民族出版社，2008.4
ISBN 978-7-105-09246-8

Ⅰ.阿 … Ⅱ.①尼 …②提 … Ⅲ.阿依莎（613～678）—传记—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.B969.938.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 059295 号

出版发行：民族出版社　　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2008 年 6 月第 1 版　　2008年 6 月北京第 1 次印刷
开　　本：880×1230 毫米 32 开
印　　张：7
印　　数：001-10000
定　　价：12.00 元
ISBN 978-7-105-09246-8/K·1009（维 36）